# Qimmetlik Miras __ Shiwétsiyidiki gézitler (1)

## 1 – Bölüm

**( 1 – Qisim )**

## Izahat:

**Eziz wetendashlar,**

Biz üchün tolimu qimmetlik bolghan medeniy miraslar ichide, Shwétsiye Muziy hem kütüpxanilirida saqliniwatqan Uyghurlargha ait türlük asare – etiqiler we yazma boyumlar alahide diqqetke erziydu.

Bu sehipide „Qimmetlik Miras __ Shiwétsiyidiki gézitler“ namida diqqitinglargha sunuliwatqini, Shwétsiyide saqliniwatqan 30 – yillargha mensup gézitler bolup, bu gézitlerni hazir weten ichidin tépish mümkin emes. Bu Gézitler Shiwétsiyining Lund Univérsitéti kütüpxanisi we Stockholim Univérsitéti kütüpxanisida bügün´ge qeder saqlanmaqta.

Shiwétsiyide Jem´iy besh toplam qilip saqlan´ghan bu gézitler 1933 – yilidin 1938 – yillirighiche qeshqerde neshir qilin´ghan „Sherqiy Türkistan Hayati“, „Erkin Türkistan“, Yéngi Hayat“, „Yéngi Hayat hürriyiti“, „Qeshqer Shinjyang Géziti“ … qatarliq gézitlerdin ibaret bolup, bu Gézit namliri shu dewirning siyasiy we tarixiy özgirishlirige egiship her xil namlarda atalghan. Bu gézitler eyni chaghda Shiwétsiye Missiyonérlirining Qeshqerdiki basmixanisida bésilghan.

Röshenki, yuqirida ismi tilgha élin´ghan gézitler Wetinimiz Sherqiy Türkistanning, bolupmu Sherqiy Türkistanning jenubiy rayunlirining 1930 – yillardiki siyasiy, ijtimaiy, tarixiy we medeniy weziyetlirini chüshinishte birinchi qol matériyal hésaplinidu. Uyghur tilining 1930 – yillardiki tereqqiyat ehwali, Uyghur neshriyatchiliqi, jümlidin gézitchilik ishliri we shu dewir kishilirining Medeniy hayatini bilishte, eng muhim menbelerdin biri bolalaydu.

Qeshqerde neshir qilin´ghan yuqarqi gézitlerning asasliq bash muherrirlikini shu dewirning tonulghan ziyalisi we wetenperwer inqilapchi, Isyankar shairimiz Qutluq Haji Shewqi öz üstige alghan bolup, Shewqi eserliridin melumati bolghan kishiler, uning töwendiki meshhur shéirini héch unutmaydu:

Bir qélich berse Xuda, kes dep uninggha buyrisam,
Üzse elning boynidin xarliq kishen – zenjirini!
Ger xarapken el – weten, kallamni kessun u qélich,
Körmisun shewqi közi qulluqta el teqdirini!

Tetqiqatchilirimizning bu matériyalni qimmetlik arxip süpitide saqliwélishini we kéreklik tetqiqat ishlirida paydilinishini tewsiye qilimiz.

Wetinim torida élan qilinghan herqandaq Shekildiki matériyallar wetendashlirimizning cheklimisiz paydilinishi üchün ochuq. Xalighanche chüshiriwélip saqliwalsingiz we tor betliride élan qilsingiz bolidu.

Wetinim Tori Idare Hey´iti



ادونه باهاسی

بر يل ليق — آلتی آی ليق

٣ آی ليق — بر نسخه‌سی نینك باهاسی ٣٠ فل

گزیته‌اداره‌سی: کاشغر معارف نظارتیده نشریات شعبه‌سی

هفته ده بر مرتبه چیقادور غان

# شرقی ترکستان حیاتی

دلده، اشده، فکرده، برلیك

باب لاری و قسم لاری

دینی، ملی، علمی، ادبی، اخلاقی، سیاسی گزیته‌دور

مفید مقاله‌لر درج اولنور اداره‌گه کالگان اوراق کین قایتاریلماس — امضاسز مقاله‌لر قبول قیلینماس

طابع و ناشری مرکزی معارف ناظری

٢٨ نجی ربیع الاول ١٣٥٢ سنهٔ هجریهٔ نبویه (جمعه) — سان [برنجی] — 21 نجی (ایول) 1933 سنهٔ ملادیه

## ملی گزیته‌لر مقصدی

حمدلر اولسون بو کونلرده شرقی تورکستان
مملکت مظلومه‌سی ظلم اسارتدین قوتولوب قومی
حاکمیت یرلشدی. دنیاده اجنبی بر ملت قول
استیده اسیر محکوم یاشاماقدین یمان ملعون بر ایش
یوقدور. بونینك ایله برابر قومی حاکمیت وطنی
استقلال و عزتدین کته بر نعمت تصور قیلنماس..
تورکستان شرقیداکی ملیونلرچه اهالی مظلومه خیلی
وقتلردین باری خطای مستبدلری نینك وحشی
اداره‌سیگه گرفتار بولوب قوم وطن لری نینك
عمومی منفعت لریگه حرکت قیلشدین ممنوع ایدی
یورت نینك فائده و استقبالیدین بحث اتمك
منافع ملیه دین دم اورماق کته جنایت سانالور
ایدی حاضرده ملت نینك چولبیر و تیزکینی اوز
جنسندین بولغان مشفق اتالر و مهربان قرینداشلر
قول لریده دور اینك اوچون بو عالی وجودلر وطن
لری شرقی تورکستان نی وحشی ظالملر نینك
چرکین ترناقلری ارا سیدین جانسپارانه غزاتلر
ایلاب خلاص اتکانلری کبی ملت نینك استقبالی
نی اویلاب نجات و حاکمتمیز نینك ابدی یرلاشیب
وطن نینك سعادتی کوچلوق اساسلرگه بنا
اتیلمکنی خواهلاماقله درحال کاشغرده معارف
ملیه تأسیسیغه حکم بردیلر هر بر حیات ملی غه
مالك مملکت لرده موجود بولغان معارف نظارتی
تشکیل ایلاب دارالمعلمین ملی مکتب و قومی گزیته
و رساله‌لر واسطه‌سیله حاکمیت ملیه‌گه فیض و
مملکت‌گه نور و ضیا ساچماق اوچون اجتهادغه
باشلادیلر اینك اوچون وحشیلیك و خرافات
مرکزی بولغان نچه زمانلار دین باری خطای مستبد
بت‌پرستلری طرفیدین بت‌خانه قیلنیب الغان نور
باشی محلیداکی جاینی یورت ملت نینك فائده‌سی
اوچون دارالمعلمین و مکاتب ملیه‌گه تعیین ایله
تخصیص قیلدیلار و نظارت معارفغه مرکز قیلیب
املاك میریه دین مناسب عمارت و اورونلر احسان
اتیلدی. ملی و سیاسی گزیته‌لر نشریغه فرمان عالی
صادر بولدی بناء علیه کاشغر ولایتی نینك معارف
نظارتی طرفیدین شرقی تورکستان گزیته‌سی نینك
نشریغه تشبث ایتلیب بو کوندین اعتباراً نشریات
ملیه‌مز دوام اتمکده بولور انشاءالله
گزیته و رساله‌لر ملت‌لر نینك رهبر و ترجمانلری بو
لوب سعادت قومیه و عزت ملیه نینك اولوغ ارکانیدین
سانالور بر ملت قومی گزیته و اخبارلرگه مالك بولمسه
عالمده نام نشانی بولمای غبار نسیان و وحشیلیك آستیده
خراب قالور باشقه‌لر طرفیدین تانولماغانی کبی اوزی‌ده
دنیانینك احوال جریانیدین خبرسز قالیب عبرت و
بصیرت حاصل ایتلمس. قومی گزیته‌لر وطن اولا
دیغه قول‌لریدین کلگان قدر دیانت و سیاست و صنا
عت زراعت قومی عزت خودداریلیك تلقین قیلیب دنیا
احوالیدین خبرلر بریب ملت نینك کوزلرینی آچارلر
منافع عمومیه اوچون حیات و توجهات بخش ایلاب
حمیت و جسارت ملیه روحینی نفخ قیلور
مثلاً سیاسی ایشلرده یورت ملت نینك فائده‌سی
قایسی روشده و قایسی تدبیر حکمت برله بولور
ملت نینك آسایش و امنیت عمومیه‌سی نچوك تأمین
قیلنور باشقه‌لر نه حالده بز نچوك وضعیت دورمز وقتکه
قاراب نه‌غه حرکت قیلامز و قایسی یول‌ده مملکت‌گه
فائده بار و نه ایشده ضرر بار قانداغ اداره برله بز
آراملیق و خاطرجمع بولوب یاشایمز علی هذاالقیاس شو
مهم امورده بحثلر اوتر صونکره مملکت نینك
اقتصادی تریکچیلیکده صناعت و تجارت و زراعت
خصوصلریده قایسی تدبیر برله عامه خلقمیز نینك
معشیت احوالی یخشیلاشادور یورت فقر مذلت بلا
سیدین خلاص بولوب عمومی حیات مسعود بولادور
مالی جهتدین حکومتیمز و خلقمیز نینك حاجتلری ادا
بولادور و هکذا
اخلاق عمومیه‌غه ایله تورالادور قایسی تدبیر وحدلر
ایله اخلاقسزلیق‌دین صاقلانادور دین و شریعت
سماویه محمدیه علی صاحبها الصلواة والتسلیم تهذیب
اخلاق حصوصیده قانداغ ارشاد و تعلیم برگان شونی
بلدورادور
عالم بشریت‌ده اوتوب تورغان واقعه‌لر و کته حادثه‌لر
و البته اوز وطنمیز تورکستان شرقی نینك احوال
حاضره‌سی‌دین خبرلر بریب جلب منفعت و دفع
مضرت اوچون ملتنی سعی کوشش اتیشکه حاضرلایدور
الحاصل بو گزیته دیگان مبارك صحیفه دنیای انسانیت
و عالم اسلامیت اوچون فوائد و منفعتلرگه باعث
سعادت انسانیه و فضائل بشریه‌گه خادم بر مجبوری
امر مهم‌دور اینك اوچون دنیاداکی حیاتغه مالك
همه مملکت‌لرده مینك مینك‌لرچه اسملر ایله کونده
لیك و هفته‌لیك آیلیك گزیته و رساله‌لر نشر
قیلنیب تورولماقدادور اسلام مملکت‌لری دین
حرمین شریفین زادهماالله تشریفاً دین مکه مکرمه
ده نشر بولغوچی ام القری صوت الحجاز گزیته‌سی
چیقار مصر القاهره ده اللوأ المنار الاسلامی المؤید
کبی یوزلرچه اسملرده و مصر نینك چونك کچیك
شهر و قصبه‌لریده بیك کوب عربچه گزیته‌لر نشر
بولادور تورکیه ایران افغانستان عراق سوریه تونس
جزائر هندوستانلرده نچه مینك گزیته‌لر چیقیب
تورادور..
البته بولردین مملکت اوچون بی‌نهایه فائده‌لر بار دور
بیانغه حاجت ایماس.. جینك جانکجونك
ظالم نینك وقتیده اوروم‌چیدین تین سان زیبو دیب
خطای تیلیده بر گزیته نشر بولغان بولسه هم خطایچه
بولغانیغه علاوه بز اوچون بر منفعت لیك سوز عنقا
بولوب تمام خطای منفعتی چوره‌سیده سوزلر بولور
ایدی مسلمانلر ضرری اوچون یالغان خبرلر بیهوده
هذیانلر برله تولوق ایدی انشاءالله بز ایندی شوملی
گزیته‌مزده قولدین کلگانیگه قدر یورت وطنمز
نینك فائده و سعادتلری اوچون سوز و مقاله‌لر
یازیلماقیغه سعی قیلورمز غریب وطنمز بوندین
بویوك استفاده‌لر ایتر دیب امید قیلامز

### خوش خبر

٢٥ ربیع الاول ده مقدس غازی شهریمز
خواجه نیاز حاجیم طرفیدین کوچندین داملا عبدالقادر
جنابلری شهرمزه شریف ایتدی مشار الیه کوچن
نینك خواجه نیاز حاجیم‌لر طرفیدین ضبط قیلنیب
بکرمه مینك ملتیق و کوب اوق اسبابلر غنیمت
النغانلیقنی خبر بردی باقی تفصیلات ایکنجی نومرده

مدیر: مسئول حاجی قوتلوغ

ابونه باهاسی

بر یل لیق بش یریم سر آلتی آیلیق لیق اوچ سر

٣ آی لیق . . . . . . . . هر نسخه سی نینك باهاسی

گزیته اداره سی: معارف نظارتیده دار المعلمین ده

هفته ده بر مرتبه چیقادورغان

# شرقی ترکستان حیاتی

دلده، ایشده، فکرده، برلیك

باب لاری و قسم لاری

دینی، ملی، علمی، ادبی، اخلاقی، سیاسی گزیته سیدور

مفید مقاله لر درج اولنور اداره گه کلگان اوراق کین قایتاریلماس — امضاسز مقاله لر قبول قیلینماس

ناشری مرکزی معارف ناظری

٤نجی ربیع الثانی ١٣٥٢ سنه هجریه نبویه ( پنجشنبه )

سان ٢

28نجی ( ایول ) 1933 سنه میلادیه

## دوکونلر ده کی سیاسی احوالمز

جناب حق نینك عنایتی برله

مبارك اسلام بهادرلری نینك شرقی تورکستان ده شانلیك فتح ظفرلری سایه سیده ظالم جینك جانکجونك قاچیب کیتکاندین کین اورومچی ده لوتینکجانك دیکان بر از خطای لر برله قالیب اولوغ غازیمز خواجم نیاز حاجیم غه التجا برله کشی چیقاریب صلح سوراغان ایدی جناب غازی شهیر عالی مقام مذکور لوتینکجانك نینك وکیل لری برله سوزلاشیب حاضر ده اوچ قسم شرط برله اوتراده صلح معاهده سیغه امضا قیلینغان

١ تورکستان شرقی مملکتی قومول دین تارتیب تا کاشغر غچه لیك آزاد بر اسلامی مختاریت لیك بر اولکه بولوب اورومچینی مرکز تونومای اوز ایشلرینی اوز مسلمان خلقی اداره قیلماق اوتراده حدود اوچون تیان شان تاغ لرینی فاصل بیلمك ایله خطایلر تیانشان دین تاشقاری چقمای اوز حدودلری ایچیده تورماق

٢ اورومچی نینك حاضرکی توختاغان حدودی ایچینده قالغان مسلمانلر که خطایلر طرفدین هیچ ظلم قسقین چیلیك قیلنمای اوز حقوقلری برله آزاد یاشاماقغه کینکچلیك برمك

٣ غازیلر که اورومچی طرفدین بش مینك ملتیق بر یریم ملیون اوق ایکی یریم ملنون سر فل تضمینات بریلمك . .

منه شو شرطلر برله اورومچیداکی لوتینکجانك محترم غازی خواجه نیاز حاجیم دین صلح و امان حاصل قیلدی بو صلح برله اوز قولی دین تافشورغان بش مینك ملتیق و اوقلر دین باشقه کین کی کوچن اوروشیده مجاهدلر قول لریغه کوب یراغ اسبابلر توشکان ایدی لوتینکجانك باشلیق خطایلر بو صلح ده نه قدر وفا و توغریلیقلرینی اثبات قیلورلر تخی ینه بر تجربه قیلیب کورامز ضروریوق قومول دین تارتیب کاشغر غچه قلیچ لرینی یلان قیلیب تورغان اهل اسلام تخی قلیچ لرینی قین لریغه سالغانی یوق ایندی ینه ایکنچی اختیاراً قل لوق حقارتنی وجدانلری هیچ قبول قیلالماس ناحق لیك غدر خیانت که تحمل ایته الماسلر اوز حق لرینی هر ظلم و جور که قارشی مدافعه قیلشغه هر زمان طیار دور لر . . .

محترم غازی نیاز حاجم حضرتلری بو معاهده دین کین قرا شهرکه تشریف ایلاب ملت اسلامیه نینك احوالینی کوروب اصلاح قیلماق اوچون جد جهد قیلماقدا بوتون التی شهرداکی دین قرینداشلری نینك اوستیکه شفقت لیك قناتلرینی آچیب وطن و ملت نینك محافظت و صلاحی اوچون تدبیرلر کورمکده دور بز التی شهر خلقی بو مبارك اولوغ آتامزغه تا قیامت منتدار بولوب اایاغلری نینك تفرا قینی کوزلرمزکه سرمه قیلیب سورمك اوچون چونك کچیك یته یشاردین یتمیش یشارغچه حضور عالی سیغه یتیب باریب شو مقدس چهره نی کورمك که مشتاق و آرزومند دورمز هر امر و فرمانیغه کمال اطاعت برله دین وطن اوچون درد عشق برله فدائی بولماقیمز مطلوب دور ایککی یریم یل مدت مقدس قومول تاغلریده ترکستان شرقی اوزی نینك ایدی ملك خالصی دیب بیلیب بزنی خراب ویران قیلماقدا بولغان مغرور ظالم مستبد خطای جینك جانکجونك نینك قوتیکه قارشی حقانیت طلبیده بر ازغنه فدائی غازیلر ایله توره شیب کوب زحمت و محنت لر صرف ایتیب اخیراً بز تورکستان شرقی نینك مظلوم مسلمانلری نینك وحشی ظالم لر نینك اسیرلیك و قل لوق زنجیریدین خلاص بولوشیمزغه برنجی سبب بولغان بو مقدس تأریخی آدم هر حرمت و اطاعتکه مستحق شونچه وقتلردین باری دهشتلیك محاربه لر بك اغیر کونلر کوروب ینه بر آز وقت آرام الماسدین ملت اسلامیه نینك خدمتی اوچون قرا شهرلرکه کلیب وطن مملکت قایغوسی برله حرکت قیلیب تورغاندا بزلر بیخبر بیکار توراویرشیمز نه قدر بیغیرتلیك عجایب حمیت سزلیك دور

بز ایندی حاضردین تأخیرسز تیز مشوره برله یلدام حرکت قیلیب اول ذات عالی بویوك رهبرمز نینك خدمت و اعانت لریکه یتشیب بارماقیمز فرض.

سست لوق و بی پروالیق هیچ کیرکس ایندی شو وقت نی اوتکاریب فرصت نی فوت قیلیب اتسك معاذالله مملکت نینك باشیغه کوب فلاکت لر کلیشی ممکن کین کی پشیمان سود قیلماس عزیز قرینداشلر الله و رسول دین ملت بزدین حمیت و غیرت ایستر سوز لازم ایمس ایش لازم برادرلر مسلمانلرنی غاصب غدارلردین قوتقازماق اوچون جان لرینی فدا قیلیب خانمان آهل عیالیدین فرقت و جدالیقنی اختیار ایلاب همیشه بزنینك غم و قایغومز برله اجتهاد قیلغوچی بو ملت فدایسی نینك یاردمیکه وجدان ایکه سی بولغان هر مسلمان تیز یتشمك کرك

## اولکی عصرلرده اسلام عالمی نینك ترقی سیغه نمه سبب بولدی

تأریخدین خبر دار کشیلر که معلومکه اسلام دولتی عصر سعادتده قایسی طریقه و قایسی ترتیب ده ترقی قیلیب بوتون یر یوزینی اسلام دینی غه ترغیب و تشویق ایلاب انسانلر نینك محبتی نی اسلام دینی غه قانداغ جلب ایتکان ایدی خلفاء راشدون دوریده تخی زیاده ترقی قیلنب باشقه لرکه نسبتاً او زمانده فرید عصر بولوب تانیلدی حتی شام عراق ایران و باشقه اولکه لر کوب کته شهرلر فتح قیلندی شونینك برله کوندین کون اسلام دولتی نینك شان شوکتی آرتیب دین نینك ترقی سی اوچون قیلغان حرکتلری سببلی اوز عصریداکی اجنبی دولتلر که زلزله سالیب تخویف و تهدید اتمك که موفق بولدیلر اولر دین کین بنی امیه دولتی دوریده کوب کته فتوحات و غلبت اسلام میسر بولوب غربیده بحر محیط دین تارتیب شرقیده چین اولکه سیکه قدر اسلام نینك سلطنتی استیغه کیردی صونکره بنی عباس خلیفه لری منصور هارون الرشید دوریده دنیاده اسلام دولتی نینك هیبت و عظمتی که برابر بر دولت و حکومت موجود بولمادی

ینه موندین کین زمان نینك مروری ( کیچشی ) برله سلاطین عثمانیه دوری باشلانیب عالمکه سطوت اسلامیه نی ایکنچی تانوتدی عزیز قرینداشلر بر از ملاحظه برله دقت قیلینك یوقاری یازیلغان اسلام عالمی نینك ترقی

ىيغه اسلام نينك دبدبه و عسعسه لريغه حاكميت اسلاميه
ىنك دواميغه نه سبب بولدى سبب بولسه معلوم : اول
ماداكى مسلمانلر انينك غيرتلرى و همت لرى عسكرلر
ىك شجاعت و جسارتلرى باشليقلريغه اطاعتلرى امير
نينك خلوص نيت برله ملت كه خدمت قيليب دين وطن
ى دشمن دين ساىلاب الله و رسول نينك امريكه
طاعت قيلش لرى قران كريم حكمى كه عمل قيليب عدالت
حقانيت برله ايش قيلشلرى سبب بولدى بناً عليه دنياغه
سلام دينى امثالسز روشده تارقالدى مسلمانلر نينك
صرى مدنيتى توزولدى بوتون جهان اسلام نينك
حقانيت و عظميكه قائل بولديلر : آخيرى بار

## جينك جانكجونك نينك

## مملكتيمزگه غدرى

رقى توركستانغه جينك جانكجونك ظلم عدولرى ناحق
ك شخصيت اساسيغه قورولغان وحشى ادارهسى جمله
يدين برى مملكتنى هر خيل ظالمانه حركت و حكملر
رله تالاب خلق نينك قوللريداكى بار نرسهنى يغيب اليب
نياده هيچ بر حكومت اهلى ده كورولمكان روشده بورات
ك بايلقنى چت مملكتلركه اوز شخصى اوچون اليب
كتماكىدور بو ظالم نچند يل ايلكارى مملكتدين چيقادور

غان فائدهليك مال لرنى اوزيكه مخصوص قيليب باشقه كشيلر
نى مونداغ مال نى اليب تجارت قيلشدين منع قيلغان ايدى
بو جملهدين تاقير كورفهسينى فائدهليك كوروب اوز شخصى
فائدهسيكه تجارت قيلماقنى خواهلاب باشقهلر طرفدين
النماقنى ممنوع قيلدى صونكره بش سرليك تاقيرغه يريم سر
مقداريده بها بريب مخصوص آدملر قويوب الدورغالى
تورغان ايدى صونكرهلرى موينه يفك يونك تجارتيكه قول
اوزاتماقيغه باشلادى بو ناحق شخصى طمعكارليقدين مال
الوچى صاتقوچى هر ايكى طرف ضرر تارتيب مملكت نينك
اقتصادى تريك چيلكى تخى مو مشكل لوكده قالغان ايدى
بو نفسى تويماس قانخور ظالم يورتومز نينك هر خيل باج
خراج لرينى خلق نينك احواليغه رحم قيلماى بر زياده
قيليب اليب مملكت نينك خوبيدين جمع قيلغان سرمايهكه
التون مارى موينه يفك اليب چت مملكتلركه مليون مليون
آلتونلوق اموال نى يبارماككده دوام ايتيب خلقيمز نينك
خونينى شوراب يورتنى حالسز درماسز قيليب صندوق
صندوق التونلرنى چت كه يبارمككده دوام ايتدى جينك
جانكجونك غه اوخشه ظالملر اول شرقى توركستان غه
كلكانده بر غالكزا بر ايسكى يوتقاندين باشقه بر نرسه اليب
چيقانى معلوم لوقدور زره انصاف قيليب شبو خلق نينك
يوراكيدين سوغاريب آلغان التونلر دين بر قسمى نى مملكت
نينك عمومى حاجتلريكه صرف آيتشكه قاتيغ كونكلى

مساعده قيلمادى انينك اوچون يورت كوندين كون خراب
بولوب فقيرليق بيچاره چيليك عام لاشماقدا بولدى حاضر
شرقى توركستان كوب تعمير و اصلاحاتغه محتاجدور ملت
اوچون جانلرينى فدا قيليب وحشى ظالملر دين مملكت نى
قوتقارغان ملى حكومت البته يورت ملت نينك حاجتلرينى
كوزده توتوب بربرآرده مملكت نينك هر بر توغريده اصلاح
و تنظيمكه اجتهاد قيلور خرابليق لرنى آباد و تعمير ايتر

٢ ربيع الثانيده خواجه نياز حاجيم طرفدين غازى
سيجانك حضورلريغه اوچ دانه وكيل لر كليب باعقه
توشورولدى

٣ ربيع الثانيده سيجانك حضرتلرى ينكحصار دين
حرمين شريفين دين قايتغان اتالرى حاجى احمد افندى
لرنى برله اليب شهركه تشريف ايتديلر

## ينكى قاضيلر

جناب غازى سيلينك طرفيدين محترم سليم آخوند
حاجيم خلفتم مفتى حرمتلو عبدالغفور حاجيم قاضى رئيس
ملا ثابت داملام قاضى ليك كه تعين لانغان بوزات كرام
قاضى افنديلر دين كوز توتامزكه شريعت غراً نبويه حكم
لرينى حقانيت و عدالت برله اجراء قيلورلر عموم خلق نى
استثناسز برابر كوروب توغريليق و حق ليك مسلكيده
وظيفه شرعيه لرينى ادا قيلورلر

## اعتذار

محترم اوقوغوچى لرمزغه عرض قيلامزكه گزيتهمز حاضرده ينكى دين تأسيس قيلنيب اسباب و سايل نقصانيدين بولغان كم چيليكمزنى عفو قيلورلر موندين
سونكرا انشاءالله وسيله و واسطهلرمزنى تكميل قيليب داخلى و خارجى خصوصاً عالم اسلام خبرلرينى يازيب ملتمزنينك حيات استقلاليغه خدمت قيلماق اميديده
دورمز ( اداره ) سر محرر قوتلوغ شوقى

ابونه باهاسی

بر یل‌لیق بش‌بریم سر آلتی آیلیق‌لیق اوچ سر

۳ آی‌لیق . . . . . . . . هر نسخه‌سی‌نینك باهاسی

گزیته‌اداره‌سی: معارف نظارتی دارالمعلمین نور باشیده

هفته‌ده بر مرتبه‌چیقادورغان

# شرقی تورکستان حیاتی

دل‌ده, ایشده, فکرده, برلیك

باب‌لاری و قسم‌لاری
دینی, ملی, علمی, ادبی, احلاقی, سیاسی گزیته‌سیدور

مفید مقاله‌لر درج اولنور اداره‌که کلگان اوراق کین قایتاریلماس — امضاسز مقاله‌لر قبول قیلینماس

کاشغر حکومت اسلامیه‌سی نینك ناشر افکاری

۱۱ نجی ربیع‌الثانی ۱۳۵۲ سنه هجریه نبویه (پنجشنبه)

سان ۳

[illegible] نجی (اوکست) 1933 سنه میلادیه

## اداره و انتظام هم معارف

حاضر ده قومول دین باشلاب کاشغر غچه لیك شرقی تورکستان نینك اکثریتی نی تشکیل قیلغان مملکت وطن نینك حقیقی ایکه‌سی بولغان ملت بالالاری یینك قبض تصرفیغه اوتدی . آلتای ولایتی نی بزکه قرینداش بولغان قذاق مسلمانلاری ضبط قیلیب اوز ایشلرینی سرنجام قیلماقدا تیان‌شان نینك او بر طرفیده غازی اعظم خواجه حاجیم دین صلح سوراب اداره‌لریده قالغان مسلمانلر برله حقوق عدالت دائره سیده برابر یاشاماقنی وعده بریب امان حاصیل قیلیب تورغان لوتینکجانك برله ایلی ولایتی داکی جانك سیجانك بزکه باشقه مختاریت اداره بیرله تورماقدادور . .

بز حاضر شو کوب فداکارلیق و قانلی جهاد مقدس لرمز برله قولیمزغه قایتاریب الغان عزیز وطنمز نینك وحشی دشمنلر طرفیدین یمریلگان یرلارینی تعمیر مظلوم ملتمز نینك کوز یاشلرینی شفقت لیك قول لریمز برله ایرتیب تورماق زمانی کلدی اوروش حالتیداکی هر شهر و ولایتلرمزنینك بر بریمز نینك حالیدین خبرسز اوز احوال و شرائطی ایچنده حرکت قیلماق مجبوریتی‌غه الآن خاتمه چکلدی ایندی بر مزکرکه توفلاییب بر بریمز ایله حال لاشماق دردلشمك دشمنلردین کورگان ظلم حسرت داستانینی توکوب اسارت کیچه لری محبوسلوق علل زنجیرلری ایچیده کورگان جفا و الم لرمزنی بیان قیلشیب قرینداشلر بر بریمز نینك بوینیغه آسیلیب وحشی درنده لر نینك چرکین تیرناقلری ارا سیدین خلاص تاقغانلیقمزغه بر برمزنی تبریك ایلاب ینه ایکنجی بونداغ اسیرلیك و قل لوق توزاقیغه توشمس لیکمز اوچون ممکن چاره لر کورمکمز که وقت یتدی اینك اوچون بزکه اینك اول باشمزنی بر برکه قیلیب اداره و قانونلرمزنی انتظامغه سالیب منظم حکومت تشکیلاتی ملکی عسکری عالی محکمه لر ترتیب بریشمزغه ضرورت کتته .

دنیاده هیچ بر مملکت سیاسی نظام ملکی عسکری تشکلات ترتیبات سز تورالماسلیقی همه نینك معلومیدور بر مملکت نی ضبط اتمکدین زیاده اداره‌سی مشکل دیکان سوز بوتون عالمداکی سیاسون و حکما اجتماعیون طرفیدین تجربه و امتحان لر دین کین سوزلنکان بر حقیقتدور

بز ایندی اوز ایشیمز نی اوزیمز بجر کوچی بر عائله شکلیغه کردوك اوز یریمزکه اوزیمز ایکه بولدوق بونی بك یخشی توتوب محافظت قیلیب ممکن قدر وطنمز نینك صلاح و سعادتیکه یاقماقمز بر اولوغ وظیفه بولدی کردنمزکه مهم برقرض یوکلندی بونی اداقیلماق اوچون بوتون فکر حرکت ممکن قوت و موجودیتمز نی صرف اتیشمز کیرك مملکت نینك هر طرفیدین عالی فکر خیر خواه اولاد وطن نی توفلاب جدی کینکاش لر برله اداره لرمزنی اصلاح و ترتیب بریب منتظم حکومت تشکیلاتی نی وجودغه چیقاریشمز لازم و مؤکد بولدی صونکره مالیه مزنی اصلاح قیلیب اقتصادی توبن چیلیکمزنی یوق اتیب ملت و حکومت نینك احتیاجاتینی دفع اتمك ظالملر طرفیدین ایزیلگان خلقمز نینك تیریك چیلیك کون کوروش لیکی اچون علاج تدبیر قیلماق مهم وظیفه مزدور

بونینك ایله برابر مملکت ده مستبد وحشی ظالملر نینك مطلب و مقصدی که خادم بولغان جهالت و نادان لیقنی بتروب خلقیمزنی علم عرفان صنعت و سیاست فائده‌لری دین بهره‌مند قیلماق اوچون هر طرفده ملی و فنی مکتب‌لر کتته شهر ولایتلرده دارالمعلمین کتابخانه لر ملی سیاسی علمی گزیته ژورنال لر وجودغه چیقارش لازم اولده شخصیتچی و اوز نفعینی عام ملت نینك فائده‌سیدین ایلکاری توتقان آلچاق خائن لر دو یده دنیاده کونغه اوخشاش فائده و ثمره لری اشکار تورغان علم فن صنعت فضیلت لریله مملکت نی یارو تماق خلقیمز نینك عمومی سعادتلرینی کوزده توتوب ملت نی غفلت اویقوسیدین اویغاتماق اوچون کتته توسقلوق و مانع لیك بار ایدی چونکه بو ظالملر عمومی خلق نینك اوقوب بیلیب غفلت مذلتیدین باشلرینی یوقاری کوتریشلرینی اوز شخصی منفعت و زاتی عزت آبرولریکه خلاف کورادورغان ایدی اوتوغان بلکان بر ملت ناحق لیك ظلم غدرلریکه تحمل قیلمای دعوای حقوق و عدالت قیلیشلری بیلر ایدی بونینك اوچون جهانده من تورای باشقه همه‌سی یوقالسون بتون خراب بولسون دیب بر اوزی‌نینك شخصی منفعت و آبرولرینی کوزلب ملیونلرجه خلق نینك جهالیت برله ایزیلیب یوکلرینی کوتر کوچی ایشك‌غنه بولوب قالماقینی ایسترلر ایدی ایندی جناب حق نینك رحمت دریاسی تاشیب بو قانخور درنده‌لر نینك کونی فوتوب یوقالیب حقیقت و عدالت کونلری کلدی حقوق و انسانیت دوری باشلاندی شاعر شهیر نامق کمال بك مرحوم‌نینك

بر کون کله‌جك شمس حقیقت توغاجاق دور
شرق یوکسله‌جك شانلی بویوك شرق اولاجاق دور

دیکان حکیمانه شعری‌نینك معناسی ظاهر بولا باشلادی حمدلر و یوز شکرلر بولسون حاضرده ملتمزنینك اکثریتی بدخواه ظالملردین نجات تافدی ناحقلیق برله کردنیمزکه منیب الغان غدار انسانیت شرفیدین محروم توبن حریفلر نینك اشکنجه‌لری اوستومزدین آلندی ملت اولادی اوز تالرینی تافیب اولر نینك حمایه مشفقانه‌لریغه سیغندی . . دین ملت اوچون مال جانلرینی نثار قیلیب قوم ملتی نی بد خواه شخصیتچی ظالملر چانکالیدین قوتقازغان عالی رهبر و مرشدلریمز البته بو توتولوش نینك ابدی بولوب قالیشی اوچون سعی اجتهاد قیلادورلر ملی حاکمیت وطنی سعادتیمز نینك بناسینی علم عرفان تاشلری برله مظبوط و مستحکم قیلماقنی خواهلایدورلر بناء علیه جناب امیر لشکر تیمور غازی حضرتلری محترم معارف پرور والی یونوس حاجی سعیدی افندی جناب‌لری‌نینك مشفقانه فرمانلریله ملت بالالرینی نور معارفله تنویر و تربیه اتمك اوچون دارالمعلمین مکتبی آچیلدی ملی گزیته و مطبوعات نشریغه ارشاد عالیلری صادر بولدی کاشغرداکی همه عسکری ملکی اسلام عملدارلاری طرفیدین بو کارخیر ایشلارغه توجه و اعانت مبذول قیلیندی جناب غازی مقدس خواجه نیاز حاجیم حضرتلری طرفیدین کلگان مکتوب هدایت اسلوبلریده هم مملکتنی علم معارف نشریله روشن قیلماق اوچون ارشاد و توصیه اتیلدی ایمدی بزکه لازمکه یوکسله‌جك : الکیز بلند بولور دیمکدور

شفق آتالرمز نینك خیر خواهانه فرمانلرینی محکم توتوب
خصوصده ملت و مملکت نینك سعادت و استقبالی
اوچون جدی سعی قیلمایمز سستلوق و غفلت لرنی
ستومز دین الیب بلك یاری تاشلاشیمز . . . . .

## حقیقت آشکار [illegible]

شانکخی ده چیقان شین بو گزیته سی لوتینکجانك
نینك شرقی تورکستان حقیده تارجین غه برگان معلوماتینی
سب چیقاردی شونده ایتادور ( مختصرا ) کین کی کون
لرده جینك جوشی نینك کوبی یتمای قاچیب سویلی
دیکان شهرلردین سکسین تمن خزانه فلینی غصب اتیب
چوچك که باریب افتاموبیل الماق اوچون قویغان ترمیشك
ایکی یوز یتمیش سر التون نی الیب چیقیب کتی و بشنه
یوللرده کوب بیهوده ناحق ایشلرنی قیلیب کتیبدور بو
ایشلرکه قاراساق حقیقتا جینك جوشی یوزنی خراب
قیلغان ایکان . .
بزلر سینکجانك خلقی برله صلح قیلورمز تیچوك بولسه
مجادله قیلمایمز هر توغریده خبر بریب تورماق اوچون یول
لرنینك یراغلیقی دین جواب الیش مشکل . . .
شرقی تورکستان : منه بولر لوتینکجانك نینك اعترافی
توبنچه جینك جوشی نینك شرقی تورکستانغه قیلغان ظلم
خیانتی نینك مینکده بریدور ظالملر نینك ملتکه قیلغان جور
جفاسی اوچون امثالسز صبر قیلیب بلکه صونکرا حقیمز
ده انصاف قیلنور ظلم خیانتلر دوام اتمس دیب اوزون
یللر قارادوق هیچ طرفدین احوالینك غه دیب بزکه
انسانیت نقطه سیدین قاراب اتولغان بر کلمه سوز
انکلامادوق صونکره الله نینك اوزیکه توکل قیلیب
وحشی استبداد غه قارشی بیاق و قیچاق لرمزنی
کوتریب چقتوق جناب حق نینك عنایتی حولیك عدالت
طرفده ایدی ظالملرنی یقتدوق بزنینك خونلرمزنی
توکمك اوچون اوز قولمز برله طیارلاغان یراغلری قولیمز
غه اوتدی ایندی ایکنجی ظالملرنینك غدر خیانتی نی کوتر
مس مز مکر حیله لریکه الدانماسمز مستبد دشمنلرنینك
موهوم مرحمتیکه ایشانب اوزیمزنی خائنلر کوله جکده
سکه کوللانیب ینه ظلم وحشت تزاقیغه توشورمسمز
مقصدمز حقلیك و عدالت دیر انینك اوچون یاشایمز انینك
اوچون اجتهاد حرکت قیلغوچی بر وطن فدائیلریدورمز

## کاشغر حکومت اسلامیه امیر عسکر
## حضور عالیلاریدین

کته و کچك همه فقرالارغه اعلام اولکه نچند یل لار
دین بری خطای حکومتی نینك وقتیده پوشته خواهی عرض
داد ایشلاریده فقرالار خطایچی خطغه محتاج بولوب
کوب دشوار بولور ایدی الحال جناب الله نینك لطف و
کرمی ایله اسلام افتابی طلوع ایلاب همه اهل اسلام غه
آسایشلیق بولدی مولینك غه بناء خبر چوك کچیك
فقرالار پوشته غه خط برسانکلار خطایچی یازدورمای
اوز خطمز برلان براسیزلار سیز پوشته خانه داکی همه
چونك کچیك ایش قیلغوچیلار مو خط الیب بارغانلارنی
خطایچی یازدوروب براسن دیب مجبور قیلمای الاسیزلار
دیب چیقارغان اعلام نامه
[illegible] امیر لشکر اتیمور غازی

## شرقی تورکستان جمهوریتی نینك
## اقتصادی احوالی

٦

کهنه مستبد حکومت نینك زمانلریده شرقی تورکستان
بیلیك خلقلری نینك بایلری عمومی خلقیمز نینك
اقتصادی احوالیغه هیچ قایغورمای هر قیلمای اوز
شخصیت لریکه توپلیب اوز فایدالرینی کوزلاب توتوب
اقتصادی اصلاحاتغه تشبث قیلمای بو حقده مهم اچقان
لرغه تحقیر نظرلری ایله قراب تورلی بافترلی استبداد
قیلیب کلکان ایدی که لرنینك بو ضررلیك احوالی
دین ظالم حکومت فایدالانیب ظالمانه ادارهلرغه بولنی
آلیب قیلیب تورلی یوللر ایله خلقیمز نینك قولیداکی
تجارتینی حکومت قولیغه الا باشلاغانلقی همه گه معلوم
ضیالی صنفلریده بو ظالم حکومتدین توتلوب برلی
حکومت تورولغه خلقیمز نینك فایدالاسی اوچون خیلی
کوب ایشلرنی قیلماقچی ایدی جناب الله نینك یاردمی
غازی مجاهدلرمز نینك سعی غیرتی ایله کهنه حکومت
اورنیغه ینکی اسلام جمهوریت حکومتی قورولدی هیچ
التاسف هر بر ایش ینه اولقیدیك کتیب باراادور
استقبال اوچون کته لرمزده بر امید و تشبث یوق
ضیالی صنفلرنینك هم اساسی برقیلغان حرکتلری
کو[illegible] نفس کاشغرده بر دار المعلمین اچیلدی
مطبعه گزیته قرائتخانه لر اوچون امتیاز بریلدی تجارت
و صناعت ایشلریمزنی بر یولغه سالیب خلقمز نینك
اقتصادی احوالینی اصلاح قیلماغاندا یوقاریده یازیلیب امتیاز
برلیك[illegible]ن مهم ایشلر نینك تقاسیدین زور امید قیلغلی
هم بولمایدور ایکنجی طرفدین علمی یوللرکه اهمیت برسك
۲ نجی طرفدین انسان نینك کون کوروش اقتصادی
احوالیغه اصلاح نظرمز ایله قاراساق اندن استقبال
دین امید قیلساق بولور ایدی کاشغرکه کلکاندین بری
بایلرغه همده ضیالی سوداکر برادرلرمزنی بو حقده بچه
مرتبه تأکید قیلدیم الحال غنچه عملده کورولکان هیچ
ترسه یوق همه ایشنی حکومت دین کوتوب تورش
اصلا بولمایدور حکومت نینك اوزیکه لایق ایشلری بار
همه که یتشالمایدور سوداکرلر برلاشیب شرکت
تأسیس قیلیب خارجی و داخلی تجارتنی شول شرکت
لر قیلسهلر ۳ نجی صناعت ایشلرمزنی هم شو
شرکتلر ادارهسیغه الیب وطنداش استعدادلی اهل
صناعتلریمز نینك حالینی اصلاح قیلیب اولرغه تربیه قیلیب
شرکت واسطهسی ایله وطنکه کیرکلیك هر نرسهنی
خارجی دولتلردین [illegible] الدورسه موندا غ ایشلرغه
حکومت هم معنا یاردم قیلور ایدی
ینه الدیمزداکی اقتصادی مهم مسئلهلر نینك بری چاچیلر
مز نینك خارجغه الیب چیقدورغان فلی توغریسیده دور
[illegible] فل اوچون [illegible] شرقی تورکستان فایدهسی
اوچون بر یول نافسهلر فل لرمز نینك توغریسیده زور تأثیر
قیلور ایدی [illegible] فل مسئله سی حل قیلنسه
حکومت حاجیلرکه رخصت قیلور ایدی بو بولسه هم شر
کتسز اصلاح بولمایدور بو توغریده حکومت لازم
یاردمنی قیلور ایدی بو ایشلرنی سوداگرلار اختیاریچه قیلماسه
لر کین کی کوننده حکومت مجبوری یوسونده قیلدورادور
[illegible] حکومت [illegible] نظام الدین

بویوك مقدس وطنمز شرقی تورکستان محترم مجا
هد و غازیلرمز نینك یخشی همت و غیرتلری سایهسیده
ظالم وحشی ادارهدین قوتولماق برله برابر شرقی تور
کستان حیاتی [illegible] بو گزیته نینك [illegible] حقا باشلاب
بیرنجی سانی کوروش برله بو گزیته نی اوقوب بو توغرا
دین سعی اجتهاد قیلشقان زوات کرامغه کوب رحمت
و تشکرلر ایتیب شو گزیتهمز نینك سانی کوپایب اوزون
عمر و روانجی جناب حقدین رجا ایتدك امید شولکه
شرقی تورکستان حیاتی وطن نینك قهرمان اولادلری نینك
بارلیق و حیاتلقلرنی کورساتیب خونخوار ظالملر نینك
قیلیب اوتکان ظلم ستملرنی کورساتیب ملت اوچون فائده
لیك بولغان هر بر نرسه توغریسیده مقالهلر درج قیلیب تورار
محترم محرر علمامز طرفیدن دینی و اخلاقی سیاسی تاریخی
مقالهلر بریلیب شرقی تورکستان اوچون مفید بر ملی اثر بولور
عبدالکریم

اداره     اوزون زمانلر استبداد نینك تیرا
بولوتی آستیده حسرتلیك یاغر عمرمز ده محصور بولوب
تورغان آه فریادلرمزنی تاشقاری چقیشغه مساعد کون
لر تیشدی درد و واویلالرمزنی ملی ترانهلر برله ترنم
قیلیب عزیز ملتکه انکلاتیش نینك وقتی کلدی ایندی
تورماسمز حقیقتنی سوزلرمز وطن ملتکه محبتی بولغان
علما محررین ملت پرورلرمزدین امید بوکیم قلملرینی
تبرتسونلر بیکس ملت نینك اصلاح و فلاحی اوچون
صرف همت ایتسونلر

کلینکلار درد اهلی اورلاشیب بریرده یغلایلی
فراق اوتینی یاد ایلاب یورك باغیرنی داغلایلی

داخلی     اولوغ غازیمز خواجه نیازی حاجیم حضرتلری
کوچارغه تشریف اتمیشلر     محرر قوتلوغ شوقی

ابونه باهاسی

بر یللیق بش یریم سر آلتی آیلیق لیق اوچ سر

۳ آیلیق ......... هر نسخه‌سی نینك باهاسی

گزیته اداره‌سی: معارف نظارتی دار المعلمین نوی باشیده

هفته‌ده بر مرتبه چیقادورغان

# شرقی تورکستان حیاتی

دلده، ایشده، فکرده، برلیک

بابلار و قسملاری

دینی، ملی، علمی، ادبی، اخلاقی، سیاسی گزیته‌سیدور

مقاله‌لر درج اولنور اداره‌که کلکان اوراق کیرو قایتاریلماس — امضاسز مقاله‌لر قبول قیلینماس

کاشغر حکومت اسلامیه‌سی نینك ناشر افکاری

نجی جمادی الاول (   )

سان ٤

نجی ( سپتمبر ) 1933 سنه میلادیه

## بزنینک تاریخ

هر قوم و هر ملت نینک ایلکاری اوتکان سیاسی و اجتماعی احوالینی بیلدورادورغان تاریخی بار بر ملت اوز لری نینک احوال تأریخیه سیدین خبرسز قالسه‌لر همت لری توبن لاشیب روحلری سنیب استقبال غه حاضر لیک قیلا آلمایدورلر ارالریداکی مشترک عمومی منفعت ملیه لریغه اهمیت برالمای هر کیم اوز باشی نینک غمیده بولوب ملی شیرازه لری اوزولوب چت ملتلر الدیده خار و اویونچوق بولوب قالادورلر

بز شرقی توکستان ملتی نینک هم ایلکاری زمانلرده شان و عظمتمز بک اوستون ایدی قومی استقلال و ملی عزتکه مالک ایدوک قچان بزلر اوز ارا ناتفاقلیق و شخصی غرض لر برله اختلاف و نفاق بلاسیغه گرفتار بولدوق شوندین باشلاب چت ملتلرنینک استیلا و استبدادلریغه دوچار بولوب بو تومیز ملتمز اياغ استیده خار ذلیل لیقده قالدی ملی ناموس وطنی سعادتلرمیز بولدین کتدی خیلی اوزون زمانلر مستبد چت لرنینک ظلم وحشت لری نینک عذابی استیده اسیر مظلوم لوقدا ملتمز نینک کورمکان کون و اوچرامانغان حقارتلری قالمادی

بو همه‌سی نااتفاق بولوب هر کیم اوز شخصی غرضلری نینک ارقه‌سیده یورت ملت نینک عمومی مقصد و منفعت لری دین غافل پرواسیز قالغانلیق دین کلکان ایدی وهم ماضیداکی تأریخمزغه اهمیت برمسدین عبرت و بصیرت تحصیل اتمای ملی استقلال و عظمتمزنی اونوتوب تأریخمز داکی مهم واقعه‌لردین درس و تعلیم الالماغنمز شونچه دنیاده مثلی کورولمکان مظلومیت و دهشتلیك ویران لیق و خراب لیقمزغه سبب بولدی

جناب حق‌غه مینك مینك لرچه شکر و ثنالر اولسون ایندی بزنی اوز لطف احسانیله ظلم استبداد زنداندین خلاص ایتدی قول اياغلرمزغه سالنغان ملوق و اسیر لیك غل کیشن لری اوزولدی یینه ماضیداکی خطالرمز نی تکرار اتمای بوتون شرقی تورکستان نینک بر دین بر جنس بولغان باله لری همه میز چوقور کونکلومیز برله برلیك و قرینداشلیق اتفاقی نی کوزده توتوب شخصی غرضلرمیزنی نفرت برله وجودیمز دین هیچ بر اثریسی قویماسدین سیلکیب الیب تاشلاب صاف یوراکلر برله استقبالمیز نینک هر بر تهلکه ظلم تعدیدین خلاصیله یورت وطنمیز نینک اقبال سعادتلری نینک اسبابیغه درد برله یافوشماقمیز بر مجبوری مقدس وظیفه مزدور بونینک عکسیله حرکت و نااتفاق سزلیك شخصی غرضلر بزنی کته فلاکتلرگه توشورادور معاذالله همه‌مزنینک بربادلیقغه باعث بولادور اوشبو کهنه دنیا کوب ایشلرنی کیچورکان کوب عبرتلیك واقعه‌لر بولوب اوتکان هر یرده وهر ملت ده نااتفاقلیك بولغان آرقه‌سیدین ظلم فلاکتلر خارجی تجاوز و کلفتلر ارقاشیب له کلکان بومسئله تأریخده بك روشن طبیعی برحال بزنینک تأریخمز هم البته بومعلوم احوال ایچنده کلکاندور انینک اوچون بیز ماضی داکی شان و عظمتمیزنی یادلاندوروب قوم ملت نینک شخصی غرضلرگه فدا بولوب نعمت اتفاق دین ایریلیب کتیب مستبد دشمنلر چانکالیغه گرفتار بولوب چکان المرینی کوروب اتیب وهم ایلکاریکی خرافات و اوهام چوچکدین عبارت بولغان خطای مستبد متعصب محررلری نینک افسانه حکایه لریده حقیمزده یازیلغان یالغان دعوالرینی رد قیلیب تأریخ ملیه مزنینک حقیقتی نی بیاننه

فنی اثر و عقلی محاکمه‌لر برله مختصر روشده عزیز ملتمیز نینک نظر دقت و چشم عبرت لریگه عرض اتمك اوچون بوملی صحیفه مزده قسقه‌چه تأریخ ملی مزنی درج اتماك نی وظیفه بیلدوك . .

بز شرقی تورکستان ملتی جنس و اصلمز دنیاغه مشهور تورك ملت نجیبه‌سیدور قدیم زمانلرده بوتون تورك ملتی برله برابر آلتای تاغلری و ماغولستان یایلاق لری ایچره آط قوی مال اسباب چادرلرده کوچمه معیشت اتکوچی اوزلریدین بولغان خانلر و یورت باشلیق لری اداره‌لری برله حربهادر جنکاور یاشاغان عالیجناب برملت ایدوك تأریخ هجریدین کوب عصرلر مقدم بزنینک شوکتلیك خانمز اوغوزخان تورك ملتی برله اطلاسیب جقیب بوتون خطای مملکتی نی ضبط قیلیب تورکستان شرقی و غربی ایران هندوستانلرنی اوزلریکه قراتقان ایدی مینه شو وقتلردین باشلاب بزلر شرقی تورکستاندا یرلاشیب قالغان اوغوزخان نینک عسکرلری نینک باله‌لریدورمز اوغوزخان نینک توزکان دولتی شرقده خطای دینکزی بحرمحیط شرق غربده قرادینکز قفچاق صحرالری غه قدر یرلرگه جامع ایدی آخری بار

## جناب حاکم اسلام حاجی
## شمس الدین داملام طبعیدین

کمینه داملا شمس الدین طبع عقمیدین شرقی تورکستان جریده مبارك میمونه‌سی و قوتلوغ و برکتلیك گزیت نمونه‌سی خصوص داکی برنچه ابیات ترکیه ایله ثنا خوانلیغ و بر نچه قطرات مدحیه ایله کلك افشانلیغ دور

بیلمك کیم عامه‌غه رهبر گزیت دور
ترقی عالمیغه سر گزیت دور
قایو ملت کیم تاپمیش دور مرادین
انکا هر امرده یاور گزیت دور
جهان رفتاریدین بیرکاچ خبرلار
بیره رموشد اکبر گزیت دور
زمان پسندیدین داده بریب سوت
معارف طفلی‌غه مادر گزیت دور
بیریب امتکا درس احبار عالم
یقین استاد دانشور گزیت دور
خط اصلاح اندین استقامت
تاپارکم دین اوچون مسطر گزیت دور
گزیت تاشقی تادان جماعت
دییورلار کذب‌غه مظهر گزیت دور
بلی هر غیر معصوم سوزلاریده
خطا ممکن ولو دلبر گزیت دور
ولیکن باش مدیر اندیشه ایلار

ابونه باهاسی

بر یللیق بش یریم سر آلتی آیلیق لیق اوچ سر

۳ آی لیق . . . . . . . . هر نسخه سی نینك باهاسی

گزیته اداره سی: معارف نظارتی دار المعلمین نور باشیده

⟨ هفته ده بر مرتبه چیقادورغان ⟩

# شرقی تورکستان حیاتی

دلده، ایشده، فکرده، برلیك

باب لار و قسم لاری

دینی، ملی، علمی، ادبی، اخلاقی، سیاسی گزیته دور.

مقاله لر درج اولنسور اداره گه کلگان اوراق کین قایتاریلماس — امضاسز مقاله لر قبول قیلینماس

کاشغر حکومت اسلامیه سی نینك ناشر افکاری

۲۸ نجی جمادی الاول ۱۳۵۲ سنه هجریه نبویه ( دوشنبه ) — سان ٥ — 18 نجی ( سپتمبر ) 1933 سنه میلادیه

قال رسول الله صلی الله علیه وسلم

الدین النصیحة

یعنی دین خیرخواهلیق دن عبارتدور شو حدیث شریف بخاری مسلم کبی بویوك حدیث امام لری طرفیدین روایت ایتلمشدور مسلمانلر بر برلریگه خیرخواه بولوب جماعت مسلمین نینك نفعینی کوزده توتوب حرکت قیلماق و ضررلریگه راضی بولمای دفعیگه سعی قیلماقلری اساسات اسلامیه جمله سندندر مسلمان بولغان کشی ینه بر مسلمان قرینداشی نینك منفعتینی اوز منفعتی و ضررینی اوز ضرری بیلیب شونگا قراب ایش قیلماغانده حدیث شریف و باشقه قرآن کریم آیات بیناتی دلالتلریله دین اسلامدین نصیبه سی معلوم ملوقدور .

بز شرقی تورکستان مسلمانلری اوزون وقتلر خطای مستبد لری نینك وحشی ظالم اداره لری آستیده حقوقسیز مظلومیت قرانگغولوقیده یاشاب قل لوق اسیرلیك کلفتلریله هر قایسیمز اوز حالیمز برله بر بریمز ایله دردلشماك دردلریمز نینك بار سیده کینگاشیب چاره و علاجلریغه باقماقدین محروم قالیب تفرقه چیلیك و پریشان احوالده اسارت محکومیت تاثیریله باشلریمز ایلانیب مملکت نینك عمومی منفعت و سعادتلریگه سعی اجتهاد ده اتفاقده بولالماغان ایدوك حتی کمال سرسیملیك باش ایلانماقدین اوز قرینداشلر ارا سیده کاشغرلیك اقسولوق کوچارلیك تورفانلیق ختن لیك یارکندلیك قرغز یرلیك فلانلیك قوستانلیق دیگان احمق لیکلر هم یوق ایمس ایدی . الله سبحانه نینك بزگه ایبارگان کتابی قرآن کریم و سنت نبویه لرده اهل اسلام بر بر لریگه خیرخواه بولوب کمال اتفاق برله حرکت قیلماقلری اوچون حکم فرمان بولغان حالده بزلر شو کتابغه ایشانیب ایمان کلتور گوچیلردین شرقی تورکستان مسلمانی بو مهم امر الهی ده سستلوقدا بی پروا قالغانمز دین بحمدو وقتلر هر خصوصده اوزیمزدین توبن زبون ظالملر اایاغ استیده خار لیق ذلت بلاسیغه گرفتار بولوب قالمش ایدوك صونك کون لرده فضل الهی برله شرقی تورکستان مسلمانلری ارا سیده ظلم وحشتگه قارشی اتفاق وجودغه کلگانلیگیدین خار لیقدین قوتولوب ملتیمز حاکمیت عزتیگه یتشدی .

صونگره کاشغرلرگه یتیب کلگان مجاهدین ملت ارالریده براز اتفاقسیزلیق وجودغه کلیب خیلی دهشتلیك فلاکتلر که باعث بولوب ینه اتفاق ملی پیدا بولغاندین اوستومزدین اکثرتیله تهلکه دفع اولدی منه کوزلریمز الدیداکی واقعه لردین ینه شریعت اسلامیه نینك مسلمانلرنی بر بریگه خیر خواهلیك و اتفاقغه دعوتی نینك سر حکمتی کوندیك اشکارا اولدی .

مسلمانلر قرینداشلر انصاف کیرك انصاف فکر تأمل لازم برادرلر .

بزنینك کسکین یاراغیمز بر بریمزگه خیرخواهلیك برله اتفاق عمومیدور بز اول شو یاراغیمزنی تجربه قیلدوق شو یاراغ مادامکه بز برله بولوب شوندین ایریلماساق هیچ قانداغ دشمن دین بزگه قورقوچ یوقدور اتفاق و غیرت ملیه مز هر بر یاراغ و قورالدین اوستون .

## بزنینك تاریخ

اوغوزخان نینك دوریدین باشلاب توزولگان تورك دولتی هون خاقانلیقی دیب اتالادور (خاقان قاآن لفظیدین معرب اولوب تورك قوملری نینك زور پادشاه حکمدارلاریغه بریلگان عنواندور خطایلارنی خاقان دیماك اولقی عصرلارده تورك قومی خطایلرگه حاکملیك لری زمانیده تورك دولتیگه قراشلیق بارچه مملکت لارگه خاقانلق دیب یوروتولگان سببدین خطایلرنی هم خاقان دیب غلط استعمال قیلینمشدر بنا علیه خطایلرنی خاقان دیماك سهو خطادور) هون دولت عظیمه سی بر نیچه دورلاردین کین اوز ارا تفرقه نااتفاقلیقگه توشوب جنوبی شمالی ایکی قسمغه ایریلدی اول وقتلارده الته شهرلار جنوبی قسمده ایدی تورکلرنینك اتفاقسیزلیقلریدین خطایلر فایدالانیب شرقی ترکستان اولکه سیگا تجاوز باشلادیلر کوب وحشتلر کورساتدیلر اوز ارا نااتفاق لیقدین دشمنلر مملکتنی نفوذلریغه الدیلار . بو وقتلر تاریخ میلادی نینك ۹۳ نجی یللری ایدی خطایلرنینك تورك یورتلاریداکی تاثیرلریدین نفرتله یورت نینك بر قسمی اغرب طرفلرگه هجرت قیلب مجار بلغار فین بر لریکا باریب صونگره بالآخیر آتیلا نام خانلری نینك قول قول آستیده اوروپا یرلاریکا کیریب ضبط ایلاب زور دولتلر تاسیس قیلدیلر

شرقی ترکستانده اوزمان خطایلرنینك نفوذلاری ایشلمکده بولسه هم یورت کچیك چوبك تورك خانلری نینك اداره سیده ایدی صونگرالری یورت ایل چتلرنینك ظلم نفوذیدین بیزار بولوب اتفاقغه کلیب خطایی مملکت دین چیقاردیلار ینه زور حکومت قاآنلیق توزدیلر بحر محیط شرقیدین غربده قارا دنگزگه قدر همه یرداکی ترك ماغول ماجور قبیله لرینی نفوذلریغه الیب خطای خانلرینی هم جزیه گه باغلاغانلر ایدی شو لوقتداکی ترك دولتی خطای تاریخلریده توکیو دیب اتالادور

ترك دولت معظمه سی نینك هجوم استیلاسیدین قورقماقله خطای خانی شیوانك اوز مملکتی نینك اطرافیغه سد اتالادورغان مشهور سفیل نی بنا قیلدورغان ایدی حاضر خطایلار طرفیدین بو سفیل لری جانی کوان اتالادور

خطای خانی نینك بو تدبیری کارغه کلمای ینه قهرمان ترك اردولری خطای اچکری مملکتلریکا کیریب ضبط قیلورلر ایدی بهادر بابالریمز ترك یکیتلری نینك یوگروق آطلاری اوتکور سزه لری برله چاقین دیك هجوملریغه قارشی هیچ بر نرسه مانع بولالماس ایدی کوب وقتلر خطای خانلری ترك خاقانلیقیغه البان تولاب اولوغ ترك مملکتی نینك حمایه سیده توردیلر التنجی عصر میلادی باشلرنده تورك دولت عظیمه سی غربی شرقی بولوب ایکی گه ایریلدی اول وقت شرقی ترکستان غرب قسمیده بولوب دفکزداکی دربند تیمور قابوغه قدر یرلر مملکت نینك حدودی داخلنده ایدی

شرقی غربی ترك حکومتلری ایکی دولت شکلیده بولسه لر هم اکثر وقت برلاشیب پاشادیلار اولزمانلرداکی ترك اهلی نینك خانلریدین بلکه خان شبی خان کول تکین صولو خانلر مشهوردور . خرافاتچی خطای حکایه نویس لری نینك بش مینك یلدین تارتیب شرقی ترکستان بزنینك تصرفیمیزده ایدی دیگان یاساما چوچکلری نینك اصلی

ایمدی حقیقت تأریخیه‌غه قارشی نه قدر بیهوده خرافات ایکانلیکی معلوم بولسه کیرك

## قرآن و علم

جناب حق سبحانه هر زمانده انسانلرنینك احوال وضعیتلریکه باقیب پیغمبران کرام واسطه‌سیله شوز مان داکی امتلرنینك حال‌لریغه مناسب روشده حکم فرمان نازل اتمشدور سماوی دین‌لرنینك اصولی و مقصدی بر بولوب فروعات و جزئیاتی هر وقتغه مناسب و لایق بولور همه انبیا و مرسلین صلواةالله علیهم اجمعین‌نینك تبلیغ ایتکان دینلری‌نینك اصلی شو کائنات مخلوقات‌نینك برتنها صانع و خالق بولوب انکا هیچ بر شریك‌نینك یوقلیغی انسانلر نینك دنیاده قیلغان خواه یخشی‌لیق خواهی یمانلیق‌لریغه مکافات و جزا بریلمك اوچون قیامت آتلیغ عدالت کونلری‌نینك بارلیغی انسان دنیاده الله سبحانه و تعالی‌نی تانوب بیلیب شریك سیز بولغان بیرو بار خالق عالمکه عبادت و اطاعتده بولماقی

انسانلر اوز ارالریده یخشی اخلاق و معلومات ایله متصف بولوب هر بر هیئت اجتماعیه بشریه‌که ضررلیك یمان ایشلردین پاك و یراق بولماقلری کبی الهی امرلردور. اما فرع و شاخ‌لر حکمیده‌کی امر نهی‌لر حاذق طبیبلر طرفیدین خسته‌نینك هر وقتده مزاج طبیعتیکه قراب تدبیر علاج بویورولماق کبی اوزکاریب کامیشدور لیکن اصل غرض و غایه بردور

تأریخ انسانیت‌نینك ابتداسیدین باشلاب انسانلر پیغمبران اولی‌الشان و حکماء راسخین طرفلریدین تربیه و تهذیب قیلینیب کلیب حد بلوغغه یاقن کلکان زمانلرده جناب حق عالم انسانیت اوچون رحمة للعالمین سیدالانبیاء والمرسلین فخر کائنات صلی‌الله‌علیه و سلم‌نی مبعوث ایلاب کافه بشریت‌نینك تا قیامت حاجتلریکه کفایه قیلورلیق بر کتاب مقدس احسان ایلامشدی بو کتاب ایسه قرآن حکیم‌دور بو کتاب‌نینك ابتدا حرا تاغیده پیغمبرمز حضرت محمد مصطفی صلی‌الله علیه و سلم‌که نازل بولغان آیتی اقرأ باسم ربك دور یعنی اوقوغیل الله‌نینك اسمی ایله دیمك دور پس انسانیت عالمی‌نینك سعادتی اوقوماق بلمك ایله دور دیب بیان تفصیل باشلانمش‌دور آخری بار

ینکی شهر محاصره‌سی . ۲۳ جمادی‌الاولی چهارشنبه پشین‌دین کین ینکی‌شهردین ایکی‌یوزقدر تونکان فرقه‌سی محاصره اوردوسی‌نینك جنوب‌طرفیکه جناب مینکباشی ساطع‌جان عسکرلری قارشی‌سیغه چقان ایدی. ایکی طرفدین قاتیغ آتشولر باشلانیب نتیجه‌ده تونکانلر بر کوب تلفات بریب قایتیب کریب کتدیلر صونکره سحر کیچه ینه اوروش باشلانیب کوندوز اوزون وقتغچه محاربه دوام‌اتدی اوتوزغه یقن ملتق غنیمت آلندی آخیرا تونکانلر دین قرق قدری هلاك‌کتکه اوچراب باقیسی ینکی شهرغه قامالدیلر بو اوروشده اوزبیك عسکرلری‌نینك بهادرلیق و غیرتلری شایان تحسین ایدی شو کون پنجشنبه جنوب طرفداکی عسکرلر طرفیدین هم هجوم باشلانیب بو طرفلرده هم قرقدین زیاده تونکان فرقه‌سی تلف بولوب ملتق‌لری قولغه توشدی شو پنجشنبه محاربه‌سیده جناب امیر لشکر عثمان عالی غازی طرفیدین محترم احمد توفیق افندی جنابلری باش قوماندانلیق وظیفه‌سیکه تعین قیلنیب بریوز الیك نفر خوتن حربی اداره‌سی‌نینك عسکرلری هم محاربه‌که اشتراك ایتدیلر

## رئیس جمهور

غازی اعظم خواجم نیاز حاجیم حضرتلری کوچاردین آقسوغه تشریف اتمکده ایمیش آقسوده مملکت مصالح عمومیه‌سی اوچون زور تدبیر و مشورتلر بولوشی کوتولادر

## خارجی خبرلر

شو کونلرداکی خبرلرکه قاراغاندا بغداد عراق ولایتیده جنك‌لر بار ایکان تفصلی کلادورغان سانده یازیلور

## کوبا

امریکه قطعه‌سیده کوبا جزیره‌سی دیب بر جمهوریتلیك یر بار خلقی اوچ ملیون بریوز مینك دور بو مملکت اولده اسپانیاغه تابع ایدی اسپانیا حکومتی بولردین کوب باج خراج الیب ظلم قیلغاندین انقلاب بولوب شمالی امریکه جمهوریتی‌نینك حمایه‌سیکه کیرکان حاضر بو خلق ایکی فرقه بولوب اوز ارا جنك جدل‌که باشلاغانلر. امریکه حکومتی طرفیدین بو اختلالنی باسماق اوچون اوچ دانه صوقوش کیمه‌سی یباریلکان کین‌کی خبرلرکه قاراغاندا قوباده تنچ‌لیق برلشمکده ایمیش

## دردوزیده انسانلرنینك حکومتی

مملکت اداره‌لری دنیاده اوچ قسم اصول برله بولادور

۱نجی حکومت مستقله حکمدارلیق آتادین باله و نبیره‌لریغه میراث بولوب اداره اتمکده حکمدار پادشاه اوز فکرنده مستقل بولوب اوزی نمه خواهلاسه شونی قیلور خواه صلح قیلور خواه اوروش قیلور و اوزی ایستاکان قانون برله رعیت‌که حکم قیلور

۲نجی اصول مشروطه دورکه حکمدارلیق اتادین اوغولغه و هم نبیره‌که ویاکه اکا او کالریغه قالور و لیکن اداره قیلش قانون و نظاملرینی توزمکده حکمدار مطلقا اختیارلی بولمایدور بلکه ملت‌نینك علم و فکر ایکه‌لریدین ایلغاب النغان آدملردین بر جمعیت توزولور اول جمعیت‌که ملت مجلسی دیولور شول ملت مجلسی طرفیدین قبول قیلنغان قانونلر برله حکمدار حکم قیلور بو اصول اداره‌ده پادشاه نینك حکم قیلیشی ملت‌نینك قانون توزوب بریشکی برله مشروط بولغان اوچون اداره‌ٔ مشروطه دیولور حاضرده‌کی ایران افغانستان انکلتره دولتلریکه اوخشه

۳نجی اصول اداره‌ٔ جمهوریتدور اول اداره‌ده پادشاه مخصوص بولمایدور آتادین اوغولغه حکومت میراث بولوب قالمایدور بلکه خلق طرفیدین وکیل‌لر جمع بولور شول جمعیت (ملت مجلسی) طرفیدین قبول قیلنغان قانون و نظاملرنی تجربیشکه بر یل یاکه برنچه یل‌غه شو ملت مجلسی طرفیدین بر لایق مناسب کورولکان کشی صایلاب رئیس جمهور تعین قیلونادر رئیس جمهور دیمك بوزغون خلق باشلیق دیمکدور بو کونده‌کی تورکیه المانیه حکومتلریکه اوخشه بو ذکر قیلنغان هر اوچ قسم اداره‌ده ملکی عسکری ایشلر اوچون آیریم علحیده وزیر ناظرلر تعین قیلونادور ملت مجلسیکه تعین قیلنغان وکیل‌لر علم معرفت عقل دیانت و فکر سلیم صاحبلریدین بولوب باشقه هیچ بر امتیاز اعتبار قیلنمایدین فقط خلقغه خدمتلری ملت‌که صداقتلری نظر اعتبارغه الماق مقتضای مصلحتدر

معلم احمد فرید

## مصلحت و نظام

خیلی وقتلردین بری مملکتده انقلاب حرکتلری بولوب بونداغ کتته مجادله کونلریده طبعی بعضی غیر مطلوب ایشلر هم واقع بولوشی ممکین لیکن حکومت باشلیقلری البته خواه فقرا رعیت خواهی عسکر همه‌که خیر خواه اتا بولغانلقدین هیچ وقت بر کشیکه بی وجه ظلم بولوشی خواهلامایدورلر حتی اولده مخالف بولوب صونکره بو طرفکه چقیب اوتکان هر قانداغ بر کشی بولسه‌مو یراغلرینی تاپشوروب برکاندین کین عفو قیلب جزادین قوتولادور اینك اوچون جناب غازی عثمان عالی سبحانك‌نینك بو توغریلرده ایکی خیل اعلانی غایتده مهمدور ۱نجی هر عسکر بر کشی‌نینك اویکه حکم‌سز کیریب زورلوق قیلسه شونی اوروب اولتوروب الیب کلسه مینك سر تریك الیب کلسه یوز سر انعام قیلور

۲نجی همه عسکر باشلیق‌لریکه ینکی شهردین بز طرفکه خواه خطای تونکان یاکه مسلماندین هر کشی قاچیب چقسه عفو قیلنیب دخل تعرض قیلماسلیق حقداکی اعلانلر زیاده عدل و مصلحتکه موافق‌دور البته هر بر مسلمان عسکر شو امرکه اطاعت برله فکر تأمل قیلیب حرکت قیلماقی ضرور ینه شو توغریلرده رئیس جمهور خواجه نیاز حاجم‌نینك وکیل‌لری محمد نیاز اعلم حاجم جناب لری باشلیق کته‌لر نینك هم مهم اعلانلری بار دقت‌قیلو کیرك

﴿ ناشری کاشغر معارف نظارتی ﴾

سر محرر قوتلوغ شوقی



ادونه باهاسی

بر ييللیق بش يريم سر آلتی آيلیق لیق اوچ سر

٣ آی‌لیق ........ هر نسخه‌سی نینك باهاسی

گزیته‌اداره‌سی: معارف نظارتی دارالمعلمین نور باشیده

هفته‌ده بر مرتبه‌چیقادورغان

# شرقی توركستان حیاتی

دل‌ده، ایشده، فكرده بولیك

بابلار و قسم‌لاری

دینی، ملی، علمی، ادبی، اخلاقی و سیاسی گزیته‌دور

مقاله‌لر درج‌اولنور اداره‌گه كلگان اوراق كیین قایتاریلماس — امضاسز مقاله‌لر قبول قیلینماس

كاشغر حكومت اسلامیه‌سی نینك ناشر افكاری

٦نجی جمادی‌الثانی ١٣٥٢ ـنه هجریه نبویه ( سه شنبه )

سان ٦

26نجی ( سپتمبر ) 1933 سنه میلادیه

## قانون و عدالت

جناب الله سبحانه كائنات عالمنی نظام و قانون برله یراتمشدر مخلوقات‌نینك هر نوعیده بر خیل نظام و قانون حكمفرما اولوب آسمان زمین كون آی یولدوزلر حیوانات نباتات علی هذالقیاس همه الله‌نینك مصنو عاتیده نظام عدالت جاریدور والسماء رفعها و وضع المیزان. والارض مددناها والقینا فیها رواسی.. كبی قران حكیم‌ده آیات بینات كوب عدالت انتظام‌لی كائنات‌غه مدار و مرجع ایلاب خلق ایكان صانع عالم اوزی كمال حكمت و عدالت برله متصف اولوب بنده‌لرینی هر ایشده عدالت اعتدالغه دعوت ایتمشدر بارچه كائنات عدالت برله قایم بولغان حالده اشرف مخلوقات بولغان انسان اجتماعی سیاسی احوالده قانون عدالتسز تورالماس نظام عدالتسز هیچ بر مملكت و حكومت یاشایالماس خراب ویرانلیق یوز كورساتور قانون و حقوق هیئت اجتماعیه انسانیه اوچون فطری مجبوری بر امر مهم عظیم بر مسئله بولوب انسانلرنینك سعادت و امنیت‌لری قانون دائره‌سیده تأمین قیلنور حكومتلر نظام و قاعده‌لر برله ترقی و حرمت تاقیب قوت و عظمت كسب ایترلر قانون و حقوقسیز بر مملكده خلق نچوك آرام خاطر جمع بولوب تورالورلر حكومت نه طریقه مستقیم و پایدار بولوب قوت تاقار مستبد خطایلر وقتیده مملكت حقوقسیز قانونسز خود غرض عملدارلر نینك كیفی برله اداره قیلنیب ظاهر اتنج كورونسه هم حقیقت‌ده هیچكیم جان مال‌لریدین امین ایمس ایدی بونداغ خلق‌نی حقوق عدالتدین محروم قیلب تونقانلری سببیدین شو كینك بر كتلیك خلق مطیع بر یورتنی جهان كوندین كون ترقی قیلب آباد بولوب تورغان بر زمانده كوندین كون ویران قیلب نتیجه‌ده اوزلری هم خراب بولوب كتدی بزلر ظالم بی نظام جانكجونك‌لرنینك استبدادلریدین نجات تاقماق اوچون اوزنومزدین توروب حركت قیلغان بر مملكتمزنی اولقی حالتلردین یخشی بر حالغه قویوب انقلابمز نینك ثمره‌لرینی كورساتماكمز لازم بونینك اوچون اینك اول بزگه عدالت قانون و نظام برله حقوق تانوماغلق ضرور بزگه جناب حق طرفیدین عطا قیلنغان قرآن حكیم برله پیغمبر آخر زمان صلی الله علیه وسلم‌نینك سنت‌لریده اگر دقت ایتسك كفایه قیلورلیق قانون حقوق بار فقط شونی عمل‌گه اشوروشغنه قالادر

## بزنینك تاریخ ظهور اسلام

پیغمبرمز حضرت محمد مصطفی صلی الله علیه وسلم‌نینك زمان سعادتلریده عربستان قطعه‌سیده دین اسلام تمامیله برلاشیب فخر كائنات افندیمزنینك وفاتیدین صونكره خلفاء راشدون صحابه كرام دورلریده شام مصر افریقا یرلری عراق ایران مملكت‌لری فتح قلنیب اسلام دولتی بك عظمت‌لیك بر حالتكه كریب كتكان ایدی هجرت‌نینك قرق التنجی یلی معاویه‌نینك دور خلافتیده سردار ربیع ابن‌الحارث قوماندا‌سنده اسلام اردوسی ایران شاهن قوغلاب دریای اموددین اوتوب توركستانغه كلدی توركلر خیلی اوزون مقابله قیلسه‌لرهم ثمرقند بخارالر عرب اسلام عسكری طرفیدین ضبط قیلندی توركستانده عربلر توركلر اوترالریده خیلی اوزون وقتلر مقابله و محاربه دوام ایلاب هر ایكی طرف قطعی غلبه قیلالماغانلر ایدی عبدالملك ابن مروان‌نینك ایام خلافتیده عراق والیسی حجاج طرفیدین عبدالرحمن ابن محمدالاشعث قوماندا‌سیله توركستانغه عظیم بر اردو سوق اتیلدی ابن‌الاشعث توركلر كه غلبت قازانغان ایدی تورك قاآنی تضمینات حربیه ادا قیلماق ایله صلح قیلماقنی طلب ایتسه هم ابن‌الاشعث محاربه ده دوام ایتكان‌لیكدین توركلر بار قوتلرینی یازوغه بریب اوروشوب ابن‌الاشعث‌گه غلبت قیلدیلر منه شو حالتلر ایله توركستان‌ده عرب تورك اردولری چاپاشیب اخیراً تاریخ هجری‌نینك توقسان آلتنجی یلنده اسلام سر عسكری امیر قتیبه شرقی توركستانغه كلیب فتح قیلب دین اسلامنی نشر قیلب صونكره تورك خاقانی برله صلح قیلب قایتیب كتكان ایدی اولوقتلرده شرقی توركستان غربی تورك حكومتی اداره‌سیده بولوب مركز پای تخت غولجه ولایتیده ایدی صونكره غربی تورك حكومتی تفرقه‌غه دوچار بولوب ضعیف بولماقله ایكی اوچ‌گه ایریلدیلر بر قسمی طورفان‌دین تارتیب كان جونچه یرلرده خانلیق توزدیلر ینه بری كاشغر ینه سو فرغانه ولایتلریده بر حكومت بولدی خوتن یاقلریده ینه بر پارچه خانلیق هم بولدی بو خانلیقلردین كاشغر خانلیقی صونكره كوچلوق بر حالتكه كریب قراخان بوغرا خانلر دوریده كته شوكتكه مالك بولدی بوغرا خانلردین تاریخ هجری ٣٥٠ لرده ساتیق بوغراخان رسماً دین اسلامنی قبول قیلیب شرقی توركستان ده یته‌سو ولایتی [ الماطا و توخماق قراقول طرفلرده ] اسلام دینی‌نینك عموماً تارالشیغه كوب سعی‌لر قیلدی تورفان كاوچن اورومچی اطرافیده حكم سورمكده بولغان تورك حكومتیدین تخی مسلمان بولمای تورغان اویغور نامنداكی خانلیق ییلان اوروشوب تورفانی ضبط قیلغان‌ایدی غربده فرغانه دین اوتوب بخارالرنی الیب حدودینی شرقده سانشان تاغلریدن تارتیب غرباً بخارا بحرخزر [ كاسپی ] دنكیزیغچه كینكریتدی.

بوغراخانلر خاندانیدین بولغان خانلر دوریده كاشغر پایتخت بولوب بعضاً بخارا مركزایدی بو دورلرده شرقی توركستان آباد معمور بولوب زمانه‌سیگه كوره علم هنر هم ترقیده ایدی اویغور آتانغان تورك خانلیقی‌نینك پای تختی كاوچن ده بولوب قراخوجه قومول كانجو یاقلریده قلعه‌لری بولوب بویرلر شو تورك خانلیقی قول آستیده ایدی بعضی وقت بو ایكی خانلیق برلاشیب خطای ایچندین تارتیب تادشت قبچاق ایدل‌سوی غچه‌لیك یرلر تورك دولتی قول استیده بولدی لیكن كوب وقت شو توقوز اوغوز و اویغور اتالغان ایكی بویوك تورك حكومتلری ایریم توروب بربرلریله صوغوشوب تورارایدی بوندین هر ایكی طرفكه ضعیف‌لیق عارض بولوب وهم شهزاده‌لر بربرلریله سلطنت تالاشیب جانجال دوام ایتكانلیكدین مملكت پریشان

ادونه باهاسی

بر یل‌لیق بش بریم سر آلتی آیلیق لیق اوچ سر

۳ آی‌لیق ......... هر نسخه‌سی نینك باهاسی

گزیته‌اداره‌سی: معارف نظارتی دارالمعلمین نور باشیده

✻ هفته‌ده بر مرتبه‌چیقادورغان ✻

# شرقی تورکستان حیاتی

دلده، انشده، فکرده بر لیک

باب‌لار و قسم‌لاری

دینی، ملی، علمی، ادبی، اخلاقی، سیاسی گزیته‌دور

مقاله‌لر درج اولنثور اداره‌که کلگان اوراق کین قایتاریلماس — امضاسز مقاله‌لر قبول قیلینماس

کاشغر حکومت اسلامیه‌سی نینك ناشر افکاری

۱۲نجی جمادی‌الثانی ۱۳۵۲ سنه هجریه نبویه ( دوشنبه )

سان ۷

2 نجی ( اوکتوبر ) 1933 سنه میلادیه

## حکم الهی

بسم الله الرحمن الرحیم

قال الله تعالی قل ان کان اباؤکم وابناوکم واخوانکم وازواجکم وعشیرتکم واموال اقترفتموها وتجارة تخشون کسادها ومساکن ترضونها احب الیکم من الله ورسوله وجهاد فی سبیله فتربصوا حتی یاتی الله بامره والله لا یهدی القوم الفاسقین

الله سبحانه و تعالی بو یرده آدمیلر یخشی کورادرغان نرسه‌لردن مهم‌راق سکز نرسه‌نی ذکر قیلیب خدا یولیده غزات قیلغان‌نی و ایمان‌نی اولاردن آرتوق‌راق و افضل‌راق دیب یاد قیلیب‌دور آیت‌نینك معنی‌سی بودور یعنی ایتغیل ای محمد صلی الله علیه و سلم اگر سیزلر نینك آتالرینگیز و اوغوللرینگیز و برتوقغان برادرلرینگیز و خاتونلرینگیز و اوروغ توقغانلرینگیز و کسب قیلیب تابغان مال‌لرینگیز و کساد بولوب کتیشدین قورقادورغان تجارتلرینگیز و یخشی کوردورغان جای و حولی عمارتلرینگیز سیزلرغه خدادن و انینك پیغمبریدن و انینك یولیده کافرلر بیلان جنك قیلماق‌دن یخشی‌راق و محبوب‌راق بولسه پس سیزلر کوز توتونگیزلر انگاغچه که خداوند تعالی اوز امرینی کلتورگای و سیزلرغه عذات ایباگای و الله تعالی اوزی‌نینك طاعتی دن چقغان فاسق‌لرنی مصلحت‌لیك یخشی ایشلرگه هدایت قیلمایدور منه بو بولسه شونداغ خدانینك طاعتی‌دن چیقغان و اوزی‌نینك مال و ملك‌لرینی بلکه جان و مان فرزند و عیال آتا و بلا و خاتون و توقغان قوم و قریداش‌لرینی خدا یولیده غزات و جهاد قیلماقدین یخشی‌راق بیلیب خدا یولی ده صرف ایتماگدن ایاب دریغ توتقانلرغه قاتیق قورقونچی‌لیق بر وعیدور که بولر مذکور نرسه‌لرینی یخشی کوروب خدانینك امریغه مخالفت قیلیب غزاتدن قاچماق جان و مالینی دریغ توتماق ایله بالکل ضایع اولورلر و اوزلری نینك اصلاح و فلاحیغه نجات و سعادتلریغه یول تاپماسلر. قرآن کریم‌ده ( اتحاد ) یعنی برلیك‌غه خلایق‌نی ترغیب قیلادورغان آیتلر کوب تکرار تابمیشدور انینك اوچونکه هیچ برامت و هیچ بر قوم مادام که اتفاق بولوب برلشماسه‌لر اولرغه سعادت یخشی کون کورماك حاصل بولمایدور برلیك دیگان کونگل‌لر نینك بر بری ایله ایپلاشماکی الفت حاصل قیلماقی بیلان غه بولادور کونگل تافیشمای آغیز بیلان قیلغان سوز نینك انچه اعتباری بولمایدور و هر قچان کونگل‌لر توجه قیلادورغان جهت‌لر باشقه مقصدلر اوزگه بولسه البته امت که پراکنده‌لیك یوز کلتورادور و هیچ بر کمرسه‌که امنیت و تنجلیق حاصل بولمایدور انداغ که کوز الدیمزداکی واقعه‌لر انگا دلالت قیلادور و اول جهت‌دین که ایمان و خدا یولیده کافرلر بیلان غزات قیلماق نینك تو محبوب و مرغوب اولغان سکز نرسه‌دین افضل و محبوب‌راق اولماقی تمامی امت نینك برلیککیغه باعث و سبب اولور ایدی و انینك خلافی سکز نرسه‌نی جهاددین یخشی کورمك امت نینك بر بریدین اوزولوب پراکنده اولماقیغه سبب بولور ایدی و بو برلیك و اتحاد رسول الله صلی الله علیه و سلم نینك اصحاب‌لری نزدیده زیاده‌سی ایله موجود ایدی انینك اوچون الله سبحانه دیب دور ولقد نصرکم الله فی مواطن کثیرة و یوم حنین اذ اعجبتکم کثرتکم فلم تغن عنکم شیئا وضاقت علیکم الارض بما رحبت ثم ولیتم مدبرین و هر آینه نصرت و یاردم قیلدی خدا سیزلرکه ای مؤمن‌لر کوب جنك اورونلریده چنانچه بدرده و جنك قریظه نضیرده و حدیبیه‌ده و خیبرده و فتح کمه کونیده رسول الله صلی الله علیه وسلم نینك غزات‌لری اون توقوز عددغه یتمیشدور اندین سکزغه اوزلری چقیب مباشرت قیلمیشلر اما رسول الله صلی الله علیه وسلم نینك غزات‌لری بعث‌لری اوچ‌دین کم دشمن طرفیغه ایبارکان عسکری سریه‌لری اوچ‌دین زیاده اوچ یوز تورت یوزغچه ایبارکان عسکری همه‌سی سکسن‌دور بو یرده اولردین برینی ذکر قیلیب‌دور که اول حنین دیکان جایده‌کی اوروشلریدر حنین دیکان مکه مکرمه ایله طایف شریف نینك ارا‌سیداکی بر جیلغه دور که مکه مکرمه‌دین سکسن یول کیلادور الله سبحانه بو آیت ایله بزلرغه بیلدورادور که هر اورون‌ده مؤمن‌لرنینك نصرت و یاردمیغه خدا اوزی ایگه بولادور و هر کشیکه خدا اوزی انگا نصرت برسه هیچ دشمن انگا غلبه قیلالمایدور ٭ داملا حاجی شمس‌الدین

## ینگی شهرده تورغوچیلرغه

ارکان حرب مجلسیده جناب غازی عثمان عالی سیجانك و محترم قوماندان احمد توفیق افندی جنابلری باشلیق همه توجانك تنجانك عسکر باشلیق‌لری نینك قراری شوکه

۱ ینگی شهرده تورغوچی خطای تونگان یرلیك‌لردین کیم بولسه قول‌لریداکی یراغ و آطلری برله بو طرفکه قاچیب چیقسه‌لر گناه‌لری عفو قیلینیب ینه قول‌لریغه انعام ( شانك ) بریلور ۲ محاربه‌ده اوق آتیب توروب قولغه توشکان اسیرلر تونگان خطای بولسه قولیدین یراغلری الینیب اوزلری ینگی شهر فتح بولغونچه حبس قیلینیب صونگره آزاد قیلینور اگر اوزی یرلیك بولوب توروب آتیشیب کوچ ایله قولغه توشسه گناهی اصلا عفو قیلنمای اولتورولادور شو خیل ده اوزینی ملتی‌نی قلغه صاتقان مرتد جانتولر اولده بز طرفکه قاچیب اوتمسه ینگی شهر فتحدین کین هیچ عفو قیلنمای اولتورولادور قولغه توشکان اسیرلرنی نهایتده یخشی معامله قیلینیب یخشی جای یخشی یماك و کیوملر بریلیب هیچ کیم طرفدین آزارلر بردورولماس

٭ ارکان حرب اعضاسی لوجانك ساطع جان ٭

## ینگی شهرگه هجوم

سه‌شنبه ٦ نجی جمادی‌الاخری ایرته چای وقتیدین کین قهرمان مجاهد عسکرلرمز ارکان حرب رئیسی محترم احمد توفیق افندی جنابلری قوماندا سنده بالاتفاق دشمن لرگه هجوم باشلادیلر ناچوق اوستنك طرفیدین مینك باشی ساطع جان نینك اوز بك عسکرلری یوزباشیلری یوسف جان ملا عبدالرحمن کریم جان عارف جان‌لر برله تعین لاندی خچرچی طرفکه افندی اوزلری برله تیجانك عبدالله آخوند عسکرلری برله ختن فدائی عسکری جناب غازی سیجانك نینك

ادونه باهاسی

بر یللیق بش یریم سر آلتی آیلیق لیق اوچ سر

۳ آی لیق ......... هر نسخه سی نینگ باهاسی

گزیته اداره سی: معارف نظارتی دار المعلمین نور باشیده

✶ هفته ده بر مرتبه چیقادورغان ✶

# شرقی تورکستان حیاتی

دلده، ایشده، فکرده، بیرلیک

یازلار و مسئلهلاری

دینی، ملی، علمی، ادبی، اخلاقی

مقالهلری گوندیلادور

مقالهلر درج اولنور اولنمز گه کلگان اوراق گین

قایتاریلماس — امضاسز مقالهلر قبول قیلینماس

کاشغر حکومت اسلامیه سی نینگ ناشر افکاری

۱۹ نجی جمادی الثانی ۱۳۵۲ سنه هجریه نبویه ( دوشنبه )

سان ۸

۹ نجی ( اوکتوبر ) 1933 سنه میلادیه

## حمیت و هوشیارلیق

دنیا تاریخیده بر مملکت نینگ اوزون اسیرلیک و قل لوقدا قالیب صونگرا ملی آزادلیقغه یتشمکی مک بیوک بر مسئله دور بوندین زور و مهم بر حادثه عالمده موجود بولماس. بز شرقی تورکستان ملتی اوروغ و قومیت جهتیدین تورک جنسی دورمیز دین و مذهب توغریسیده مسلمان وطنمیز علیحده بر اولکه بولوب ضبط تاریخیدین باشلاب شرقی تورکستان بزنینگ وطنمز دور. اول لرده یورتلمیز حر آزاد مملکتلرمز معمور آباد زمانهسیکه قاراب علم هنر مدنیت فاجی برقوم ایدوک شوکت سطوتلرمز عالمده مشهور ایدی. صونگرالری یورت باشلیقلری نینگ همت لری نینگ توبنلشمکی شخصیت نفسانیتلر کوچ الیب محض اوز غرضلری آرقهسیده یورت مملکت نینگ احوال استقبالیغه اهمت برمسدین اوزارا نفاق شقاق کبر هوا لر برله ملت نینگ استقبالیغه باقیب عاقبتنی اویلاب حرکتده بولماغانلیقلری برلری بنهبرلری نینگ محو ضرریکه سعی قیلب عدایله بولسه اوز منفعت و غرضلریکه خدمت قیلماقنی وظیفه بیلب ملیونلرچه صاف ساده خلقمز نینگ استقبالداکی احوالی نینگ غمنی یمسی اوتقانلری کبی قسقه کوتاه نظرلر سببیدین چت مستبدلر نینگ تویونتوراقی ملت نینگ گردنیکه توشوب ظالملر منفعتیکه ایشلاب اوزون وقتلر ملت ظلم حقارتده قالیب امید استقلال دهشتلیک وحشی اداره سبیلی زیاده ازیلگان برقوم اوچون یک آز قالغان ایدی. بنه جناب حق اوز بندهلری احوالیدین خبردار حکیم رحمن بولغان جهتدین بیوک مایوسلوقدین صونگرا مملکت نینگ ملی آزادلیقی قایتاریلدی اسارت قللوق ظلمتلری دین ملی استقلال عزت وطنیه یا وغلیقیغه چقدوق بونداغ عظیم بر نعمت نینگ قدرینی عقل باشیده بار هر بر اوز یورت وطنیکه کویگان انسان نینگ بیلیب شو آزادلیقنی مستحکم لش اوچون خدمت قیلماقی مجبوری انسانی بر موکد وظیفه بولغان حالده حاضرغچه بور عمرنینگ برکوب عقل درایت قابلیت استعدادغه مالک ذوات گرامی بو مقدس امر عظیم غه خصوصی انوالیدین کچیب تازه کونگل قویوب ایشلاماکالمکلری معلوم بولادور. اگر مملکت نینگ شو بداغ اهمیت لیک نازک احوالی وقتلریده اوز وطن و ملتی نینگ اصلاح و سعادتیکه خدمت قیلماسهلر تاریخ یوزنده یک مسئولیت که دوچار بولوب نامهلری قیامت که قدر توبن آلچاقلیق برله باقی قالسهلر کیرک. مرد انسانلر خدمت وقتیده اوز ملتی نینگ صلاح و فلاحیغه سعی اقدام اعکدین چکینمسلر حاضر یورت پراکنده تنج لیق بولغاندا خدمت قیلامز دیمک نهایتده کم همتلیکدین دور. تنج وقتده همه نینگ خدمت قیلغوسی کلادور اصل خدمت شو بداغ وقتلارده لازم.

اینک اوچون بوتون ملت نینگ عقلا و علماسیله محبان وطندین جدی لیک برله سوراعمزکه شو ملت نینگ اصلاح احوالی اوچون همت قیلسونلر. جناب حق نینگ احسان قیلغان شو آزادلیقنی همهکه فایدالیق بولغودیک مستحکم روشکه کیرب کتمش اوچون غیرت اجتهاد صرف ایتسونلر. یورتده عمومی یخشی لیق بولسه یخشیلیق و عانلیق بولسه عانلیقده شریک بولوشلرنی بیلسونلر.

دونیانینگ قیناسی

شرقی تورکستاندا توغلوق تیمور خان اولگاندین کین وزیر نویونلر نینگ ایلک نفوذلیکلریدین بولغان دوغلات اوروغی نینگ باشلیغی یولاچی دوغلات نینگ اوغلی امیر خداداد و هم شول یولاچی نینگ اینیسی بولغان قمر الدین ایشی تمام اوز قوللریغه الیب قمر الدین ایلی ولایتیده اوزی مستقل امیر بولدی خداداد ایسه توغلوق تیمور خان نینگ اوغلی خضر خواجهنی رسما خان قیلب کاشغر ختن اقسو کوچار طرفلرینی اداره ایتدی. امیر تیمور ایلی طرفکه هجوم قیلب قمر الدین دین کوب یرلرنی آلیب امیر قمر الدین موندین قاچیب آلتای بیکری ساتشان قومول باقلریده حکم سورمکده بولدی. خضر خواجه خداداد لر التهشهرده امیر تیمورکه اطاعت قیلب حمایهسینی قبول ایله یاشاب توردیلر تیمور صونگره سمرقندکه قایتب ایران شمالی هندوستان پنجاب قطعهلرین دهلی علاقهلری برله ضبط ایتکان ایدی چنگیز قاآنلیغی لیقدین بر پارچه بولوب دشت قپچاق التون اردو آتاتغان یرلر ایله روسیه کنازلیک لری دین چنگیز حمایهسیده بولغان مملکتده حکومت قیلماقدا بولغان التون اردو خانی توختامیش خان برله اوروشوب شو بیوک مملکتنی اوز حمایهسیکه الدی بغداد شام سولایهلرغه قدر یرلرنی فتح ایتدی اولوقلرده اورته اسیادین چنگیز نینگ ظهوریدین ایلکاری عرب خلیفهلریکه عسکری خدمت اتمک ایچون کوچوب کیتکان سلجوق عثمانلی تورکلری نینگ پادشاهی یلدرم بایزید خان برله اوروشوب سلطان بایزیدنی اسیر قیلب اناطولی قطعهسی نینگ بر پارچهسینی ضبط ایلاب سمرقندکه قایتقان ایدی. التون اردو خانی توختامش خان موغولستان تیانشان اطرافیده یاشاب تورغان امیر قمر الدین برله اتفاقا سمرقندکه هجوم قیلماقنی خواهلاغان لیقلریدین تیمور نی بنه شرقی تورکستان طرفکه یولاب شمالده ایرتش جیلغهسی شریده حاضرقی قرا شهر اولوغ یولدوزلرغچه کلیب قایتدی قمر الدین ماغولستان ایچکری لریکه سیغندی اما التهشهرده خضر خواجه خان امیر خداداد بنه امیر تیمور حمایهسیده حکم سورمکده ایدی امیر تیمور وفاتیدین صونگره خضر خواجه امیر خدادادلر شرقی تورکستاندین تیمور دولتی نینگ حمایه و نفوذینی دفع قیلب بلکه اوزلری سمرقندکه عسکر برله باریب ضبط قیلدیلر لیکن تیمور نینگ اوغلی شاهرخ خراساندین کلیب خداداد دین سمرقندنی قایتاریب الغان ایدی

خضر خوجه خان خداداد مرزالر زمانیده شرقی تورکستان آرام و آسایشغه نائل بولوب سیاسیتا و اقتصادا خیلی ترقی قیلدی خضر خوجه نینگ وفاتیدین کین اوغلی محمد خان بنه مرزا خداداد برله مملکتنی اداره قیلیب توردیلر مرزا خداداد تاریخ هجری ۸۰۸ ده وفات بولوب انینگ بالالری زمانیده چاغتای خانلری نینگ نفوذ حاکمیتلری التهشهردین یوشاب غولجه ولایتی بنه‌سو تیانشان اطرافیغه محصور قالدی. کاشغر ختن مسولرغچه مرزا خداداد اولادی نینگ اداره‌سیده بولوب یارکند پایتخت ایدی بو مرزالر اگرچه حقیقتده مستقل بولسهلرهم بنه رسما غولجهداکی چاغتای خانلرینی رسما خان تانوماقدا ایدیلر.

آخیری بار

## عدل ایله آباد ظلم ایله خراب

ظالم جانکجونکلار نینگ زمانلریده مملکت قانون عدل دین

ادونه باهاسی

بر یل‌لیق بش‌بریم سر آلتی آیلیق‌لیق اوچ سر

۳ آی‌لیق ........ هر نسخه‌سی نینك باهاسی

گزیته اداره‌سی : کاشغر دارالمعلمین نو، باشیده

هفته‌ده بر مرتبه چیقادورغان

# شرقی تورکستان حیاتی

دوکده داغ ملت داشده استقبال سوداسی
قیامت دولماین چقماس اذهك دردو الالاسی

دل‌ده، انشاده، فکرده بیرلیك

باب‌لار و قسم‌لاری

دینی، ملی، علمی، ادبی، اخلاقی، سیاسی گزیته‌دور

مقاله‌لر درج اولنور اداره‌گه کلگان اوراق کین قایتاریلماس — امضاسز مقاله‌لر قبول قیلینماس

ناشری کاشغر معارف دینیه نظارتی

۲۶نجی جمادی‌الثانی ۱۳۵۲سنه هجریه نبویه ( دوشنبه )

سان ۹

16نجی (اوکتوبر) 1933 سنه میلادیه

## انسان و عرفان

دنیاده ملت‌لرنینك سعادت و اقبالی علم عرفانلری درجه‌سیله مساوی اولور قایسی ملت علم‌معارف فیضیله نورلانسه درجه معرفت‌لریگه قاراب آز بولسه آز کوب بولسه کوب قوت و عزت‌گه نائل‌اولور مملکت‌لری آباد لك و معموریت کسب ایلر .

شو حقیقت نفس‌الامرنی قرآن‌حکیم نظم معجزیله بیان ایتمشدور «قل هل یستوی الذین یعلمون والذین لایعلمون» آیت کریمه‌سی نینك معناسی ایتقیل ای پیغمبر آیا بیلگانلر بیلمگانلر برابر اولورمو یعنی برابر بولالماسلر دیمکدور .

حاضرقی اوروپا و امریقا خلقی نینك دهشتلیك قوت و اوستونلیك لرگه مالك بولوب سیاستاً و اقتصاداً دنیاغه خواجه بولوشلری نینك سری علوم و معارف نتیجه‌لریدور .

اسلام مملکت‌لریدین تورکیه‌نینك اوزون زماندین تارتیب اوروپانینك کته زورقوتلری اراسنده وطنلرینی ساقلاب استقلال‌لرینی محافظت‌قیلب کیلمشی علم و فن‌لرگه اشنالیقلریدندور مصر ایران افغانستان حکومت اسلامیه‌لری مملکت‌لرینی علم کوچی برله آباد و محافظت قیلماق اوچون جاره‌لر قیلب کلمکده‌لر عالم اسلام‌نینك باقی مملکت‌لری ده هم علم‌معرفت اوچون آز حرکت‌ده ایمسلر قرآن حکیم نینك سوزلشی دنیاده کورونوب بیلنیب تورغان واقعه‌لر علم برله جاهل‌لیك نینك نه‌دین عبارت ایکانلیکلرینی بلدورمامدور. علم‌معرفت تافقان یاپونیه‌نینك اوزیدین یته‌سکز حصه‌زیاده کوب بولغان خطای مملکتی‌گه دائمی اوستونلیك کورساتیشی علم و فن ثمره‌لری ایمس‌مودور .

بز شرقی تورکستان مسلمانلری ایکم‌اتمیش یل دین تارتیب مستبد خطای منصب‌دارلری نینك اشکنجه‌لری اراسیده ایزیلیب اوزمزنینك فطری استعداد و قابلیتمز خودغرض خطای عملدارلری نینك ظلم جهالتی برله پریشان بولوب محو اولماق درجه‌سیگه کلگان ایدی ایلکاری خانلیق دوریده البته علم و فن‌لر برله مملکت نی تعمیر ایتمك نینك نام‌نشانی بولمادی موندین یگرمه‌ایکی یل مقدم خطایده جمهوریت اداره‌سی قورولوب همه خطای قول‌استیداکی ملت‌لر حقوق ده تینك مساوی بش قسم خلق برابر آزاد حقوقده شریك دیدیلر خطای جمهوریت چلری نینك اوروپا دول معظمه سیگه برگان نوطه‌لریده خالقلرنینك عموم خطای مملکتی داکی خلق نی ظلم برله ایزیب علم و معارف نوریدین بهره‌سیز توت قالغانلرینی جمهوریت انقلابیغه کته سبب قیلب کورستدیلر واقعاً ایچکری خطای یورتلریده علم هنر ترقیسی اوچون خلی جدی سعی‌لر قیلندی لکن شرقی تورکستان هر بر حقوق دین محروم توتولوب اولقیدین زیاده ایزیلمك‌گه باشلادی خطای نینك اینك جاهل متعصب شخصیتچی افرادی (سنجانك) شرقی تورکستانغه یغیلیب مسئولیت‌سیز اوسنلریده تفتیش کانترول‌سیز خلق‌نی تالاب خالته‌لریسنی تولدورماقدین باشقه بر وظیفه‌نی بیلمدیلر شرقی تورکستان نینك توب خلقی بولغان تورك مسلمانلر جمهوریت منفعتیدین هیچ فایده‌لانمادی هر بر وطنی حقوقدین محروم قیلندی سیاست و حکومت ایشلریدین بك یراق توتولدی خطای جمهوریتی نینك اوکای بلاسی بولوب قالدی اوچ تورت ساده آدملرنی تافیب منه منگوی جمهوریت نینك دوماسی دیب صورت قیلب توختاتیب قویوب یورتنی اوزلری بلگان چه کامل استبداد و خودغرضلیك برله اویان بویان اوینچاق قیلب چویروب توردیلر بوتون دنیاده‌کی حکومتلر نینك مهم قانون و اصول‌لریدین بولغان مملکتده نشر معارف مسئله‌سی و اینك اوچون خلق نینك کاسه‌سیدین الغان باج کومروك غله‌لرکبی محصولات نینك برقسمی‌نی خلق فائده‌سی اوچون صرف ایتیش قاعده‌سی عمل‌گه هیچ آشمادی ملت نینك استقبالنی اویلاغان خیرخواه ملت‌پرورلر طرفیدین اوزیالرین فل صرف ایتیب اچقان ملی مکتب علمی تشبثلرگه زور مانع‌لیك قیلب ملتمز نینك استقبال ده قومیت و ملیت‌لرنی سیاسی تربیه‌لر سایه‌سیده ساقلاب قالماقی اوچون سد چکتیلر شخصیت‌پرست جانکچونکالار مکتب دیب آنده بونده صرف خطای تیلی ملیون حروفلوق مشکل خطای خطی نی اوقوتادورغان خطایچه مکتب قیلب مسلمان تورك اولادینی خطای اخلاقی برله تربیه‌قیلب خطای لاشتورماق سیاستی نی تعقیب ایتدیلر اوز اناتیلمز برله کیرکلیك علم‌فن‌لر تحصیل‌قیلشقه امکانیت برمدیلر ملی گزیته‌لر نشر قیلماق زور جنایت سانالدی شو خطای مکتبی ده اوقویدورغان بالالرنینك عمری مشکل خطای خطینی اورگنمك اوچون اواره بولوب اوتوب حقیقی علم و فن مغزیدین اکثر بهره‌سیز قوم‌ملیت دردیدین براقده بولوب قالماقده‌ایدی بك آزلری کمال عقل ذکاوتلریدین بعض بر کیرکلیك علم معلوماتغه ایگه بولورلرایدی لکن ینه بولرهم اوزملتی اوچون میل محبت خدمت قیلماسونلر دیب قیرین کوز برله قارالیب نظارت کانترول استیده توتولماقده‌ایدی الحاصل استبدادچی جانکچونکالارلرنینك ظلم اتریقه‌لری برله شرقی ترکستان جمهوریت حقوقیدین عام بهره‌سیز قالیب جهالت قرانکغولیقیده ایزیلیب خودغرض عملدارنینك شخصی کاسه‌لرینی تولدورماقغه ایشلاتوچی بر حیوان مقامیده توتولغان‌ایدی خلق اوز منفعت‌لرنی بیلیب جهان نینك وضع اطواریدین علم‌معلومات روشن‌لیکیله خبردار اولوق کوز بولماقی متعصب خودغرض‌لرگه هیچ مطلوب ایماس‌ایدی ملت نینك نادان احمق بولوب قالماقی لازم‌ایدی خودغرض ظالم‌لرنینك انصافسیزلیق و ناحق استبداد لریدین ملت تنك بولوب شرقی تورکستان نینك یورکیده‌کی دردالم اوتی آخیر قومول تاغلریدین شارتلادی صونکرا لری بوتون ملت ناحقلیك‌گه قارشی باشلرنی کوتردیلر اسلام تورك اولادینی جاهل متعصب‌لرنینك چنتوسنکو [ حیوان ] دیب مغرورانه تحقیرلریغه خاتمه چکدیلر . ملت اورحقینی الدی اوزاویکه اوزی ایگه بولدی بو اوینی اداره‌قیلب یخشی یول‌لر برله ملی حیات‌نی تربیه و محافظت‌قیلب الیب چیقیب کیتمك علم تدبیر نظام سیاستلر گه باغلیقدور شخصیتچی بدنیت قرا حکومت بزنی قوم ملتمز اوچون خدمت قیلشدین منع‌قیلغان‌ایدی استقبال نینك غمی‌نی یب مملکت نینك تنویر و اصلاحی قصداً اوتوت دور ولوب خالقمزنی قرانکغولوقدا توتدیلر تار فرا ملتچی لك قیلب یورت نینك توب ایگه‌لرینی اداره سیاست ایش لریدین براقده قالدوردیلر اینك اوچون اوزحقیمزنی قولی میزغه الیب شونی حسن استعمال قیاب یخشی یول‌لر برله الیب چیقب کیتمکده مشکلات اضطرابلر یوز کورستمکده‌دور.

شرقی تورکستان کته مسئله اوستیده توراددور کوب



ابونه باهاسی

بر یللیق بش یریم سر آلتی آیلیق لیق اوچ سر

۳ آیلیق هر نسخه سی نینك باهاسی

کزیته اداره سی : کاشغر دار المعلمین نو باشیده

هفته ده بیر مرتبه چیقادورغان

شرقی تورکستان حیاتی

دللده، انشده، فکرده، فعلده

باب لار و قسم لاری

دینی، ملی، علمی، ادبی، اخلاقی، سیاسی کورنه لاری

مقاله لر درج اولنور اداره گه کلکان اوراق کیین قایتاریلماس — امضاسز مقاله لر قبول قیلینماس

ناشری کاشغر معارف دینیه نظارتی

٤ نجی رجب ١٣٥٢ سنه هجریه نبویه ( دوشنبه ) سان ١٠ 2 نجی (اوکتوبر) 1933 سنه میلادیه

بزگه حکومت کیرك



ابونه باهاسی

بر یل‌لیق بش یریم سر آلتی آیلیق‌لیق اوچ سر

۳ آی‌لیق هر نسخه‌سی نینك باهاسی

« گزیته اداره‌سی : کاشغر دار المعلمین نور باشیده »

« هفته‌ده بر مرتبه چیقادورغان »

# شرقی تورکستان حیاتی

یورکده داغ ملت باشده استقبال سوداسی
قیامت بولمایین چقماس انسلا دررو الالاسی

دلده، ایشده، فکرده، برلیك

باب‌لار و قسم‌لاری
دینی، ملی، علمی، ادبی، اخلاقی، سیاسی گزیته‌دور

مقاله‌لر درج اولنور اداره‌گه کلگان اوراق کین قایتاریلماس — امضاسز مقاله‌لر قبول قیلینماس

« ناشری کاشغر معارف دینیه نظارتی »

۱۱ نجی رجب ۱۳۵۲ سنه هجریه نبویه ( دوشنبه )

سان ۱۱

30 نجی (اوکتوبر) 1933 سنه میلادیه

## تورك موبز جنتومو

شرقی تورکستان خلقی دنیاده مشهور اولوغ تورك ملت عالیه‌سیدین ایکانلیکی‌نی بارچه دنیا بیلادور مونی بیان قیلشقه حاجت ایماس شو حقیقت کوندین اشکارا آچوق بر مسئله بولغان حالده خطایلر نینك جاهل متعصب طبقه‌لری طرفدین بزنی چنتو دیب آت قویولغان بر ملت نینك اوز اصل آتی برله یاد قیلمای جاهل لیقدین یا که تعصب قیلب او ملت نینك تاریخیده معلوم بولماغان بر نامنی توقوب شو یاساما نام برله اتاماق تعصب و جاهل لیق نینك روشن دلیل لریدندور شرقی تورکستان تورکلوك نینك بوشوگی بولوب قدیم‌قی وقتلریده بر بویکه تورك ملتی نینك کیم ایکانلیکنی بلدرکان فاتحلر جهانگیرلر عالم فیلسوفلر یتشدورکان بر اولکه دور . ایلیمز یورتومز تورکدور چنتو ایمسدور تورك ملت معظمه سی‌نی ایلکاریدین شوکونلرغچه تانوماغان بلمکان دنیاده بر کیمسه یوقدور تورکلر حضرت موسی نینك کتابی توراتده یاد قیلندی اوغوزلر هونلر اویغورلر کبی تورك ملتی نینك عظمتی جهانگیرانه سطوت و عزتی همه ملتلر تاریخیده مشهور بولدی .
قرآن کریم قصه‌سیده ذکر قیلنغان ذوالقرنین نینك یورونقی تورکلر نینك اولوغ قاآنی مشهور اوغوزخان بولوشی حقنده صونکقی بعض محققلر نینك رایلری بار خلافت عباسیه‌نینك دورلریده اولوغ اسلام مملکتلرینی محافظت قیلب بویوك دولت و مدنیت صاحبلری بولغان آل بویه صونکره لری بنی سلجوق حکومات اسلامیه‌لری تورك دولت معظمه‌لری ایدی هندوستان نی فتح قیلب دین اسلامنی هند مملکت وسیعه سیده نشر تبلیغ ایتکان غزنوی دولتی بر تورك حکومت عالیه‌سی بولوب مشهور سلطان محمود غزنوی بو دولت نینك اینك زور حکمداری ایمس‌مو ایدی قراخان ساتیق بوغرا خان خاندانی شرقی تورکستان ده‌کی تورك حکمدارلری بولوب بو دولت نینك حدودی تورفاندین بخارا بحر خزر لرغچه جامع ایدی .
خوارزم شاهان دولتی تورك حکومتی ایدی خطایدین تارتیب اق دینکزغچه جهانی فتح ایتکان چنگیز امیر تیمورلر تورك اوغول لری بولوب بولرنینك نسلیدن تورکستان ایران هندوستان خطای مملکتلریده عصرلرچه حکم سورکان بویوك دولتلر مشهور عالمدور حاضرغچه هندوستان حیدرآباد نظاملیق دولتیله چترال مهترلیکی کبی خانلیق‌لر شولرنینك آثار و بقیه‌لریدور آلته یوزیل لردین باری سلطنت اسلامیه نی محافظت قیلب کلمکده بولغان حاضرکی تورکیه حکومت جمهوریه‌سی تورك ایمس‌مودور هندوستاندا هند خلقی بار عربستانده عربلر تورکستانده تورکلر بار تیلیمز تاریخمز کوندیك روشن تورغان حالده شرقی تورکستان ملتی‌نی اوز نامی برله اتامای چنتودیماك نی قایدین تاپشلر . چنتودیمك خطایچه تیلده باش‌غه سله اوراغانلیقدین ایتولغان ایمش دیدورلر چونکه خطایلر چن دیب یورکاب تانکغانی ایتب تو دیکان باش ایمش یعنی باشینی یورکاب تانکیب الغان انسانلر دیمك ایمش نهایت بز تورك ابن یافث بلالریدورمز غیر بر ملت نینك بزگه چنتو اسمینی تاقب الغانلریغه باقیب اوزمز نینك مینك مینك یل لردین تارتیب شانلیك بابالرمز دین موروث حقیقی نامیمزنی تاشلایالمایمز بز تورکمز تورك نامی بزگه بویوك شرفدور انسان بلاسی اوز اتاسیدین تاغاس بخر شرفلیك تورکلوك بنی آدم تاریخیده کورولمکان چنتو دیکان حقیر اسمنی هیچ قبول ایمس .

دینمز اسلام تورك اولادی بز
شانلی جانلی مردلر احفادی بز
بس بو بو کدور تورك ایلی نینك فطرتی
عالمه مشهور نام شهرتی

## بزنینك تاریخ

سلطان سعیدخان شرقی تورکستان نینك غرب طرفلریده اغاسی منصورخان شرق تیانشان تورفانلرده اتفاقاً مملکتنی اداره ایتدیلر کاشغرشهری اول وقتلرده قیزیل و تومن دریالری قوشالادورغان حاضر ایسکی حصار آتالادورغان یرده بولوب میرزا ابوبکر سعیدخان برله اوروشقان زماندا خراب ایتیلکان ایدی حاضرقی کاشغرشهری نینك ایچکرکی شهر دیکان قسمی سعیدخان طرفدین بنا ایتیلمشدور .
سعیدخاندین صونکره اوغلی عبدالرشیدخان تخت سلطنتده اولتوردی بولر نینك وقتلریده شرقی تورکستان امین آسایش غه نائل بولدی رشیدخان نینك وزیری میرزا حیدر بی عالم فاضل ادیب برزات بولوب تاریخ رشیدی نام مشهور تاریخ نی تصنیف قیلغان ایدی شوطرزده شرقی تورکستان چنگیز چاغتای خانلری نینك خاندانی ادارلریده بولوب ۹۷۲ تاریخ هجری‌ده ایلی طرف اویرات ماغول لری طرفیدین استیلا قیلنب شرقی تورکستان دولتی التته شهرگه مخصوص بولوب قالمش دی التته شهر نینك پایتختی اولو وقتلرده یارکندده بولوب بعضاً کاشغر اقسولر مرکز بولورایدی چاغتای خانلقی نینك اخرقی دورلریده عبدالله خان عصریده سمرقندیدن خواجه یوسف بزرکوار دیکان بر کشی کلیب کاشغرده سلوك نقشبندی ایله ایشانلیق قیلورایدی بو کشی نینك وفاتیدین کین اوغلی خواجه هدایت الله ایشانلیق مقامیده اولتوروب حضرت آفاق نامیله شهرت تاقیب خلق اراسیده زیاده نفوذ و احترامغه یتشدی وهم التته شهر خانلقی نینك خاندانیدین شهزاده ماهم دیکان بر خاتون کشی‌نی عقد یکه الیب حکومت افرادیغه یاقین لاشقان ایدی عبدالله خان نینك اینی سی اسماعیل خان نینك دور حکومتیده حضرت آفاق نینك نفوذ اعتباری حکومتکه قارشی رقابت درجه سیکه یتمکله اسماعیل خان حضرت آفاقنی نظارت و تفتیش استیده توتاقدا ایدی صونکره حضرت آفاق التته شهر علاقه سیدین چقیب تبت که باریب ماغول لر نینك دین باشلیغی دالای لامه برله ملاقات بولدی لامه جونغاریه ایلی طرفده حکومت قیلب تورغان اویرات ماغول لری نینك باشلیق قونتاجیغه حضرت آفاق توغریسیده وصیت قیلب خط قیلب برکان ایدی حضرت آفاق لامه نینك خطینی الیب ایلی طرفکه کلیب قالماقلر نینك خانی برله ملاقات اولوب مکتوبنی تاپشوردی ایلی‌داکی ماغول خانلیقی زاتاً شرقی تورکستان چاغتای حکومتیکه رقیب بولغان اوچون درحال حضرت آفاق غه باسقنچی دیکان چریك باشینی قوشوب التته شهرگه اون مینك چریك یباردی .

## داخلی احوال — رسمی حکومت خبری

قراشهر کورله اطرافیده‌کی تونگانلر برله جناب محمود سیجانك اوروشوب بو تونگانلر شکست یب قاچیب هر طرف

